

# مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەلا سورتلىرىنى تېز يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى







قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# میۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەلا سورتلىرىنى
# تېز يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى

تۈزگۈچى : مۇھەممەتئىمىن توختى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

果树良种速育技术/买买提明·托合提编.—喀什:喀什维吾尔文出版社,2003.10(2006.4重印)
ISBN 7—5373—1207—9

Ⅰ.果… Ⅱ.买… Ⅲ.果树—育种繁育—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.S660.38

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第036237号

责任编辑:迪丽拜尔·阿布都热依木
责任校对:阿尔祖姑丽·斯迪克

# 果树良种速育技术

买买提明·托合提 编

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路14号 邮编:844000)
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092毫米 1/32开本 4.25印张
2003年11月第1版 2006年4月第2次印刷
印数:2571——5650 定价:6.50元

如有质量问题,请与我社联系调换 电话:0998—2653927

# تۈزگۈچىدىن

مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەلا سورتلۇق كۆچەتلىرىنى
تېز يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى ، ئادەتتىكى ئەنئەنىۋى كۆچەت
يېتىشتۈرۈش ئۇسۇللىرىغا قارىغاندا بىرقەدەر يېڭى ۋە بىر-
قەدەر ئىلمىي بولغان ئىلغار پەن - تېخنىكا ئۇسۇلىدۇر .
بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلىرىنى يې-
تىشتۈرگەندە ، كۆچەت يېتىشتۈرۈش ۋاقتىنى قىسقارتقى-
لى ، سورتلارنىڭ ئەلالىرىنى تاللاپ كۆپەيتكىلى ، يېتىش-
تۈرۈلگەن سورتلارنىڭ سۈپىتىنى ساقلاپ قالغىلى ۋە ئىق-
تىسادىي ئورمان بازىسى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۈمەنلىگەن ئەلا
سورتلۇق مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تېز يېتىشتۈرۈپ بەر-
گىلى بولىدۇ .

نۆۋەتتە ، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەلا سورتلۇق كۆچەت-
لىرىنى تېز يېتىشتۈرۈش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باغۋەنچى-
لىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ ،
ئۇنىڭ سورت ، سۈپەت ، مەھسۇلات سەۋىيىسىنى مەملىكى-
تىمىزنىڭ ، جۈملىدىن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تە-
رەققىيات سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈشنى ، ئاپتونوم رايونىمىز-
نىڭ باغۋەنچىلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى خەلقئارا بازارغا
يۈزلەندۈرۈپ ، مېۋىچىلىك ئارقىلىق رايونىمىزنىڭ ئىقتى-

سادي تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ . بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ، «مېۋە - چېۋە ماكانى» دەپ نام ئالغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز 2001 - يىلىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئالتۇن دەۋرىگە قەدەم قويدى .

ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا (تۆۋەندىكى سان - سىفىرلار «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈندىكى 953 - سانىدىن ئېلىندى ) ، كەلگۈسى بەش يىل ئىچىدە ، شىنجاڭدا مېۋىچىلىك بازىسى شەكىللىنىدىكەن . تۇرپان ، ئۈرۈمچى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ئېتىكىدىكى ئىقتىسادي بەلۋاغ رايونلىرىدا 10 مىڭ مولۇق تاۋار ئۈزۈم بازىسى قۇرۇلىدىكەن ، بايىنغولىن ئوبلاستى ، ئاقسۇ قاتارلىق رايونلاردا 1 مىليون مولۇق تاۋار نەشپۈت بازىسى بەرپا قىلىنىدىكەن . خوتەن ، قەشقەر ، ئاقسۇ رايونلىرىدا 1 مىليون مولۇق تاۋار ئۆرۈك بازىسى بەرپا قىلىنىدىكەن . خوتەن ، قەشقەر ، ئاتۇش رايونلىرىدا 1 مىليون مولۇق تاۋار ئانار بازىسى بەرپا قىلىنىدىكەن ، خوتەن ، قەشقەر ، ئاقسۇ رايونلىرىدا 500 مىڭ مولۇق تاۋار ياڭاق بازىسى بەرپا قىلىنىدىكەن . بۇنىڭدىن باشقا ، ھەرقايسى ۋىلايەت ، ئوبلاست ، ناھىيە ، شەھەرلەرنىڭ پىلانى ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانىدىنمۇ چوڭراق ئىكەن . 2001 - يىل 9 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە ، بايىنغولىن ئوبلاستى 1 مىليون مولۇق نەشپۈت بازىسى قۇرۇشنى ، قاغىلىق ناھىيىسى ياڭاق بازى-

سى كۆلۈمىنى ئىككى يىل ئىچىدە 400 مىڭ موغا يەتكۈزۈشنى پىلانلىغان .

بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەلا سورتلۇق كۆچەتلىرىنى تاللاپ تاۋار بازىسى قۇرۇپ ، مېۋىلەرنىڭ سورتىنى ياخشىلاش ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ، مەھسۇلات مىقدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ . بۇنداق قىلىش ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مېۋە - چېۋە پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان زاۋۇت - كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئېچىپ ، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا سودىدىكى رىقابەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش ئارقىلىق مېۋە - چېۋە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سودىسىنى راۋانلاشتۇرۇپ ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىم مەنبەسىنى كېڭەيتىش ۋە خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

ئاپتونوم رايونىمىز باغۋەنچىلىكىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى كۈتۈۋېلىپ ، مېۋە ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ، جۇملىدىن جايلارنىڭ مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەلا سورتلۇق كۆچەتلىرىنى تېز يېتىشتۈرۈپ ، ئىقتىسادىي ئورمان تاۋار بازىسى قۇرۇلۇشىنى مول كۆچەت مەنبەسى بىلەن تەمىنلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى ئۈچۈن ، ئۆزۈمنىڭ ئۇزاق يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىسى ۋە باشقىلارنىڭ ئىلغار تېخنىكا - تەجرىبىلىرى يەكۈنلەنگەن نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللار ئىچىدىن تاللاپ ، قولىڭىزلاردىكى «مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەلا سورتلىرىنى تېز يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى» دېگەن كىتابچىنى تۈزۈپ چىقتىم .

بۇ كىتاب ھەرقايسى جايلارنىڭ «غەربىي رايوننى ئې-چىش»تىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرنى ئەمەلىي-لەشتۇرۇش جەريانىدا ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇ-شى بىلەن باغۋەنچىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە زىچ ماسلىشىپ ، ئاپتو-نوم رايونىمىزنىڭ كەلگۈسى بەش يىللىق ئىقتىسادىي ئور-مان تاۋار بازىسى قۇرۇش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە مېۋىلەرنىڭ سورت - سۈپەت مەسىلىسىنى ياخشىلاشتا دۇچ كېلىۋاتقان قىيىن مەسىلىلەرگە ئەمەلىي پەن - تېخنىكا ئۇچۇرى ئارقىلىق ياردەم بېرىدۇ . ياڭاق ، بادام ، چى-لان ، ئۆرۈك ، ئانار ، نەشپۈت ، ئۈزۈم قاتارلىق ئاساسلىق مېۋىلىك دەرەخ تۈرلىرىنىڭ ئەلا سورتلۇق كۆچەتلىرىنى قانداق قىلغاندا تېز ۋە سۈپەتلىك يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ ، دېگەن سوئاللارغا ئەمەلىي پەن - تېخنىكا تەدبىرلىرى ئار-قىلىق جاۋاب بېرىدۇ .

كىتابتا قىسمەن يېتەرسىزلىكلەر سېزىلسە ، كەسىپ-داشلار ۋە باغۋەنچىلىك پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئەمە-لىيەت جەريانىدا تۈزىتىپ كېتىدىغانلىقىنى ۋە سەمىمىي تەنقىد - تەكلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن .

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ................................ 1
I باب ئۈزۈم تېرىش ئارقىلىق كۆچەت
يېتىشتۈرۈش ................................ 5
1 . ياڭاقنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت
يېتىشتۈرۈش ................................ 5
2 . بادامنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت
يېتىشتۈرۈش ................................ 13
3 . چىلاننىڭ ئۇرۇقى (مېغىزى) نى تېرىپ كۆچەت
يېتىشتۈرۈش ................................ 19
4 . ئۆرۈكنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت
يېتىشتۈرۈش ................................ 31
5 . ئانارنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت
يېتىشتۈرۈش ................................ 36
6 . شاپتۇلنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت
يېتىشتۈرۈش ................................ 45
II باب قەلەمچە تىكىش ئارقىلىق كۆچەت
يېتىشتۈرۈش ................................ 52
1 . چىلان نوتىسىنى قەلەمچە قىلىپ كۆچەت
يېتىشتۈرۈش ................................ 53
2 . ئانار نوتىسىنى قەلەمچە قىلىپ كۆچەت

يېتىشتۈرۈش ........................... 58
3 . ئەنجۈر نوتىسىنى قەلەمچە قىلىپ كۆچەت
يېتىشتۈرۈش ........................... 68
4 . ئۈزۈم نوتىسىنى قەلەمچە قىلىپ كۆچەت
يېتىشتۈرۈش ........................... 76
Ⅲ باب ئۇلاش ئارقىلىق كۆچەت يېتىشتۈرۈش ...... 87
1 . ياڭاق كۆچىتىنى ئۇلاش ..................... 88
2 . بادام كۆچىتىنى ئۇلاش ..................... 94
3 . چىلان كۆچىتىنى ئۇلاش ..................... 98
4 . ئۈزۈم تېلىنى ئۇلاش ........................ 104
5 . ئۆرۈك كۆچىتىنى ئۇلاش ..................... 109
6 . نەشپۈت كۆچىتىنى ئۇلاش .................... 110
7 . شاپتۇل كۆچىتىنى ئۇلاش .................... 118
Ⅳ باب مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلىرىنى باشقا ئۇسۇللار
بىلەن يېتىشتۈرۈش ........................ 122
1 . نوتا باسۇرۇش ئارقىلىق كۆچەت
يېتىشتۈرۈش ........................... 122
2 . تۈپ ئايرىش ئارقىلىق كۆچەت
يېتىشتۈرۈش ........................... 123
3 . توقۇلمىدىن كۆچەت يېتىشتۈرۈش ........... 124

# كىرىش سۆز

مەركەزنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مېۋە ئىشلەپچىقى-رىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىماق-تا . كۆپ يىللاردىن بۇيان ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقاي-سى جايلىرىدا مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەلا سورتلۇق كۆچەت-لىرىنى يېتىشتۈرۈش ، ئۆستۈرۈش ۋە كېڭەيتىش تېخنى-كىسى تېز سۈرئەت بىلەن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ، جايلارنىڭ مېۋە ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىغا پۇختا ئاساس يارىتىل-دى ، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت ، ئوبلاست ، ناھىيە ، شەھەرلىرىدە مېۋە ئىشلەپچىقىرىش كۆ-لەملىشىش ، بازىلىشىش يولىغا ، باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلى-رى تاۋارلىشىش - رىقابەتلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ يۈزلەن-مەكتە . بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا جايلارنىڭ مېۋە ئىشلەپچى-قىرىش تەرەققىياتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلۈپ ، باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى ئۆزىنىڭ سۈپەت جەھەتتىن سەرخىللىقى ھەم ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن ئېلىمىز-نىڭ ئىچكى بازارلىرى ۋە خەلقئارا بازارلاردا ئۆزىنىڭ رىقا-بەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى نامايان قىلماقتا .

لېكىن ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، بىر قىسىم جايلار

ئۆز رايونىدىكى كەسپىي تارماقلارنىڭ مېۋىلىك كۆچەتلەرنى ئۆز ئورنىدا يېتىشتۈرۈش ، ئۆز ئورنىدا كارانتىن قىلىش ، ئۆز ئورنىدا تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىشىغا ياخشى ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن ، كۆچەت يېتىشتۈرۈش ، سېتىش ، يۆتكەش ۋە مېۋىلىك باغ بىنا قىلىشتا كۆپلىگەن مەسىلىلەر ساقلانماقتا . شۇنداق بولغانلىقتىن ، بەزى جايلار ئادەتتە ئۆز ئورۇنلىرىدا يېتىشتۈرگىلى بولىدىغان بىر قىسىم ئەلا سورتلۇق مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلىرىنى ھەدېسىلا باشقا رايون ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ كىرىپ ، بىر تەرەپتىن مەبلەغنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئورمان كېسەللىكى ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا تارقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا .

ئەلا سورتلۇق كۆچەتلەرنى ئۆز ئورنىدا يېتىشتۈرگەندە سىرتتىن كۆچەت يۆتكەپ كەلگەنگە قارىغاندا ، مەبلەغنى تېجەپ قالغىلى بولۇپلا قالماستىن ، ئەڭ مۇھىمى ، ئۆز ئورنىدا يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەتلەر ساغلام ، ئىشەنچلىك ، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ ، كۆچەت مەنبەسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى ، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىن دەل ۋاقتىدا مۇداپىئە كۆرگىلى ۋە تەلتۆكۈس يوقاتقىلى بولىدۇ . سوپەت ئۆلچىمىگە توشمايدىغان كۆچەتلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئورنىدىلا بىر تەرەپ قىلىپ ، كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ . شۇڭا ، جايلار ئۆز ئورنىدا ئەلا سورتلۇق كۆچەت يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇش

بىلەن بىللە، يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا ئىقتىدارىغا ئىگە كۆچەتچىلىك، باغۋەنچىلىك تېخنىكى قوشۇنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى، كۆچەتخانىلارنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىشى لازىم.

1980 ـ يىللىرىدىن بۇيان، كۆپ خىل مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەلا سورتلىرى ئېچكىرى ئۆلكىلەردىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئارقا ـ ئارقىدىن يۆتكەپ كېلىنىپ يەرلەشتۈرۈلدى. ھازىر بۇ خىل سورتلارنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىش، مېغىزىنى تېرىش، قەلەمچە قىلىش، تۇپلەندۈرۈش، ئۇلاش، توقۇلما ئارقىلىق كۆپەيتىش، يۇمران نوتىلىرىنى دورا ئارقىلىق يىلتىز تارتقۇزۇش ئۇسۇللىرى بىلەن ئېھتىياجلىق كۆچەتلەرنى ئۆز ئورنىدىلا ھەل قىلىپ، مېۋىلىك باغ بىنا قىلىش تەلىپىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا تۇرلۇك ئەلا سورتلۇق كۆچەتلەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا كۆپەيتكىلى ۋە كۆچەتلەرنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ، نەتىجىدە سىرتتىن كۆچەت يۆتكەپ كىرىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. شۇڭا، ھەرقايسى جايلار ئۆزلىرىنىڭ ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتىغا ئاساسەن، ئۆز ئورنىدا كۆچەت يېتىشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزلىرى يېتىشتۈرگەن كۆچەتلەرنى ئىشلىتىپ باغ بىنا قىلىشى، سىرتتىن ئۆز جايىنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ماس كەلمەيدىغان كۆچەتلەرنى كۆپلەپ يۆتكەپ كىرىشنى قاتتىق كونترول قىلىشى كېرەك. پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ئاستىدا سىرتتىن كۆچەت يۆتكەپ كىرىش-

كه توغرا كەلسە ، ئاز يۆتكەپ كىرىپ يەرلەشتۈرۈپ ، كې-
يىن پەيدىنپەي ئۆز ئورنىدا كېڭەيتىش ئارقىلىق ئېھتىياج-
لىق كۆچەت سانىنى تولۇقلاشقا ئىمكانىيەت قالدۇرۇش
لازىم . شۇنداق قىلغاندىلا كۆچەت بازارلىرىنى نازارەت قى-
لىش ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ، كۆچەتچىلىكنى غەربىي
رايوننى ئېچىشقا خىزمەت قىلدۇرۇپ ، ئاپتونوم رايونىمىز
باغۋەنچىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ھەقىقىي ئۆستۈر-
گىلى بولىدۇ .

# I باب ئۇرۇق تېرىش ئارقىلىق كۆچەت يېتىشتۈرۈش

ئۇرۇق تېرىش ئارقىلىق كۆچەت يېتىشتۈرۈش جىنىس-لىق كۆپەيتىش ئۇسۇلى بولۇپ ، ئۇ ئەمەلىي قوللىنىلىش تارىخى ناھايىتى ئۇزاق ، قوللانماق ئاسان ، ئاددىي ، ئۈنۈمى ياخشى ئۇسۇلدۇر . بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ياڭاق ، بادام ، پىستە ، ئۆرۈك ، شاپتۇل ، چىلان ، ئانار ، ئالما ، جىگدە ، ياۋا ئامۇت قاتارلىق كۆپ خىل مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلىرى-نى يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ . ھازىر ئۇرۇق تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى يېڭى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق مېۋى-لىك دەرەخلەرنىڭ ئەلا سورتلىرىنى تېز ، سۈپەتلىك ئۆس-تۈرۈپ ، ئىقتىسادىي ئورمان بىنا قىلىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىماقتا .

## 1 . ياڭاقنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش

سورتلۇق ياڭاقلار توپلەر بويىچە تاللاپ يىغىۋېلىنغان-دىن كېيىن ، پوستىدىن ئاجرىتىپ 4 — 5 كۈن ئاپتاپتا ، 10 — 15 كۈن ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان سالقىن جايدا

قۇرۇتۇپ تېرىشقا تەييارلاپ قويۇلىدۇ.

**1. ئەلا سورتلۇق ياڭاقنىڭ ئۇرۇقىنى تاللاش**

يېڭى پەن - تېخنىكىنى قوللىنىپ ياڭاقنى «ئەلا سۇپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق» قىلىپ ئۆستۈرۈش، نۆۋەتتە ياڭاق ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى. پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ياڭاقنى ئۇرۇقىدىن تېرىپ كۆپەيتىشنى ئۇلاپ كۆپەيتىشكە، ئەنئەنىۋى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا، سۈپەتسىز كۆچەت ئىشلەپچىقىرىشنى ئەلا سورتلۇق كۆچەت ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىپ، ياڭاق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش نۆۋەتتىكى بازار ئېھتىياجىنىڭ جىددىي تەلىپى. ئەگەر يېڭى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق بۇ مەسىلە ھەل قىلىنسا، ياڭاق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ دەۋرىنى قىسقارتىپ، مەھسۇلاتى تۆۋەن، سۈپىتى ناچار ياڭاق دەرەخلىرىنى ئەلا سورتلۇق، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق دەرەخ قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ياڭاق ئىشلەپچىقىرىشتا بىرىنچىدىن، سورت؛ ئىككىنچىدىن، سۈپەت؛ ئۈچىنچىدىن، مەھسۇلات ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ، ئىچكى ۋە خەلقئارا بازارلاردا شىنجاڭ ياڭىقىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلغىلى، سۈپىتىنى رىقابەت ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە قىلغىلى، ئىقتىسادىي قىممىتىنى ئۆستۈرۈپ كۆپلەپ تاشقى پېرېۋوت ياراتقىلى بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆستۈرۈلۈۋاتقان ياڭاقلارنىڭ

سورتلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىگە تارقالغان. بۇنىڭ ئىچىدە «ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق» ياڭاق سورتلىرىمۇ ئاز ئەمەس، مەسىلەن قەغەز ياڭاق، خەسە ياڭاق، تۆشۈك شاكاللىق ياڭاق، ئىسەن ياڭاق، كۆپ ھوسۇللۇق ياڭاق، چىلگە ياڭاق، چوڭ مېۋىلىك ياڭاق، باشاقسىمان مېۋىلەيدىغان ياڭاق قاتارلىقلار بار. بۇلار بال-دۇر مېۋىلەش، بالدۇر پىشىش، كۆپ مەھسۇلات بېرىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مېۋىسى-نىڭ دانىسى چوڭ، شاكىلى نېپىز، مېغىزى توق، ماي تەركىبى يۇقىرى، مېغىزىنىڭ سۈپىتى ياخشى، تەمى تات-لىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. شۇڭا، بۇلارنى «ئەلا سورت» دەپ ئاتاشقا، ئۇرۇقنى تېرىپ كۆچەت يې-تىشتۈرۈشكە ۋە ئۇنىڭدىن نوتا (بىخ) ئېلىپ باشقا ناچار سورتلارغا ئۇلاپ كېڭەيتىشكە بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى 1978 - يىلىدىن 1991 - يىلىغىچە (ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 5 — 6 قېتىم) جەنۇبىي شىنجاڭغا ياڭاق سورتلىرى-نى تاللاپ بېكىتىش خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ياڭاق سورتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىقتى. ئۇلار شىن-جاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈش، سېلىش-تۇرۇش، باھالاش، تەتقىق قىلىش، تاللاش، بېكىتىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا 26 خىل سورتنى شىنجاڭ بويىچە «ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ياڭاق سورتى» دەپ بېكىتتى. بۇلار بالدۇر مېۋىگە كى-

ـرىش ، كۆپ مېۋە بېرىش ، سۈپەتلىك بولۇشتەك ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ، بۇنىڭ ئىچىدە «شىنجاڭ مول ھوسۇللۇق ياڭىقى» ، «ئاقسۇ جام 343 ـ نومۇر» ، «ئاقسۇ كونىشەھەر 183 ـ نومۇر» قاتارلىق ئۈچ خىل سورت ئۆزىنىڭ دانىسى چوڭ ، شاكىلى نېپىز ، مېغىزى سۈپەتلىك ، مېغىزىنىڭ ماي نىسبىتى يۇقىرى ، ئېرسىيەتچانلىقى مۇقىم ، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك ، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولۇش ۋە بالدۇر مېۋىگە كىرىش ، كۆپ ھوسۇل بېرىش ، بالدۇر پىشىشتىن ئىبارەت كۆپ خىل ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ، نۇقتىلىق كېڭەيتىلىدىغان سورت قىلىپ بېكىتىلگەن ئىدى . ھازىر بۇ ئۈچ خىل سورت شىنجاڭدىلا ئەمەس ، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە زور كۆلەمدە كېڭەيتىلىۋاتىدۇ . بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يۇقىرىقى ئۈچ خىل سورتنىڭ ئۇرۇقىنى تاللاپ تېرىش ۋە شۇ خىل سورتلارنى ئۇلاق ئۈستى قىلىپ ئۇلاش ئارقىلىق سۈپەتلىك ، ئەلا سورتلۇق كۆچەتلەرنى يېتىشتۈرۈپ ، ئورمان بىنا قىلىشقا ئىشلىتىش لازىم .

## 2 . ئۇرۇق يىغىش

ئەلا سورتلۇق ياڭاق كۆچىتى يېتىشتۈرۈشتە ، ئەلا سۈپەتلىك ، بالدۇر مېۋىلەيدىغان مول ھوسۇللۇق ئېسىل سورتلارنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىش ۋە شۇ تۈپلەردىن نوتا (خىپچا ، بىخ ) ئېلىپ ، ئادەتتىكى ئۇرۇقتىن يېتىشكەن چىققان كۆچەتلەرگە كۆز (بىخ ) قويۇش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللى-

نىلىدۇ . ئۈرۈق تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشتىن ئىلگىرى ئۈرۈق يىغىش ، ئۈرۈق تاللاش ، ئۈرۈقنى بىخلاندۇرۇش خىزمەتلىرىنى پۇختا ئىشلەش لازىم . ئۈرۈق يىغىشتا يۇقىرىدا نامى ئاتالغان ئەلا سورتلار ئىچىدىن مەھسۇلاتى مول ، دانىسى چوڭ ، پوستى نېپىز ، مېغىزى تولۇق پىشقان ، ساغلام ئۆسكەن ، كېسەللىك ، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمىغان ئوتتۇرا ياشلىق (40 — 50 يىللىق ) ئەلا تۈپلەرنى ئانا دەرەخ قىلىپ تاللاش كېرەك . 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا (ياڭاقنىڭ مېۋە پوستى سارغىيىپ 60% تىن كۆپرەكى ماك بولغاندا ) ، مېۋە پوستى تەبىئىي ھالدا يېرىلغان مەزگىلدە دەرەخ تاجىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى قىسمىدىكى شاخلاردىن مېۋىلەرنى يىغىۋالسا بولىدۇ ، مېۋىلەرنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن بىر يەرگە دۆۋىلەپ قويماي ، ئۆز ۋاقتىدا پوستىدىن ئاجرىتىپ 4 — 5 كۈن ئاپتاپقا سېلىپ ، سالقىن جايغا يۆتكەپ تولۇق قۇرۇتقاندىن كېيىن ، چىپتا تاغارغا قاچىلاپ سالقىن ئۆيدە ساقلاش لازىم .

## 3 . ئۈرۈقنى بىخلاندۇرۇش

ياڭاقنى كۈز پەسلىدە تېرىشقىمۇ ، ئەتىياز پەسلىدە تېرىشقىمۇ بولىدۇ . ئەتىيازدا تېرىلسا ئۈنۈمى ياخشىراق بولىدۇ . كۈز پەسلىدە تېرىلسا بىخلاندۇرۇش ھاجەتسىز ، ئاق يەرگە تاپ ئېچىپ ئۈرۈق سالغاندىن كېيىن ، كۆمۈپلا توڭ سۇيى قويۇۋەتسە بولۇۋېرىدۇ . لېكىن ، ئەتىيازدا تېرىشقا توغرا كەلسە ، ئۈرۈقنى ئالدىن بىخلاندۇرۇپ ، ئاندى

دىن تېرىش لازىم .

ئۇرۇق تۆۋەندىكى بىرنەچچە خىل ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ :

1 ) سۇغا چىلاپ بىخلاندۇرۇش . تېرىشقا تەييارلىغان ياڭاق ئۇرۇقلىرىنى چىپتا تاغارغا قاچىلاپ ئاغزىنى مەھكەم ئەتكەندىن كېيىن ، توسما ، ئازما ياكى ئۆستەڭلەردە ئېقىۋاتقان سۇزۇك ئېقىن سۇغا 10 — 12 كۈن چىلاپ ، ئۇرۇقنىڭ ئۇچ قىسمى يېرىلغاندىن كېيىن تېرىسا بولىدۇ . ئەگەر ئۇچ قىسمى يېرىلمىسا ، يەنە 2 — 3 كۈن سۇغا چىلاپ ، 60% ئۇرۇق بوردىلىپ ئۇچ قىسمى يېرىلغاندىن كېيىن تېرىسا ، ئۇرۇقنىڭ ئۈنۈپ چىقىش ۋاقتى قىسقا ، كۆكلەش ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ .

2 ) ئىلمان سۇغا چىلاپ بىخلاندۇرۇش . ئۇرۇقنى چوڭ قازان ، داس ، تۇڭ ياكى چوڭ ئىدىش قاچىلارغا تۆكۈپ ، ئۈستىگە 35 — 40 C لۇق ئىلمان سۇ قۇيۇپ ، ياغاچ بىلەن 15 — 20 مىنۇت تەكشى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن ، سۇنى تۆكۈۋېتىپ قايتا ئىلمان سۇ قۇيۇلىدۇ . سۇنى ھەر سوتكىدا بىر قېتىم ئالماشتۇرۇپ ، ئۇرۇقنى سوغۇق سۇ بىلەن چايقاپ ، 7 — 8 كۈن سۇغا چىلىغاندىن كېيىن ، يېرىلغانلىرىنى ئىلغاپ ئۇدۇللۇق تېرىسا بولىدۇ .

3 ) سۇغا چىلاپ ھەم ئاپتاپقا سېلىپ بىخلاندۇرۇش . ئۇرۇقنى 8 — 10 كۈن سۇغا چىلاپ سۈزۈۋېلىپ ، 5 — 6 سائەت ئاپتاپقا سېلىپ شاكىلى يېرىلغاندىن كېيىن تېرىسا بولىدۇ .

4 ) سۇغا چىلاپ ھەم قۇمغا كۆمۈپ بىخلاندۇرۇش .

ئۇرۇق 5 — 6 كۈن سۇغا چىلىنىپ ، ئاندىن نەم قۇمغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ ، كۈن نۇرى چۈشىدىغان يەردە ياكى ئىس- سىق ئۆيدە ساقلىنىدۇ . ھەر كۈنى قۇمغا سۇ چېچىپ ئۇرۇق تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ، قۇمنىڭ نەملىكى ۋە ئىسسىقلىقى نورماللاشقاندىن كېيىن ، ئۇرۇق ئېسىلىپ يېرىلىشقا باشلايدۇ . ئۇرۇقنى قۇمدىن ئايرىۋېلىپ ۋاقتىدا تېرىسا ئۈنۈپ چىقىشى ياخشى بولىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، ئۇرۇق بىخلاندۇرۇشنىڭ يەنە ئورىغا قۇم تۆكۈپ قەۋەتلەپ بىخلاندۇرۇش ، پارنىكتا بىخلاندۇرۇش ، پار ئۆيلىرىدە بىخلاندۇرۇش قاتارلىق بىرقانچە خىل ئۇسۇللىرى بار .

## 4 . يەر تەييارلاش

ياڭاق تېرىش ئۈچۈن سۇ مەنبەسى مول ، سۈيى را- ۋان ، تۇپراق قاتلىمى قېلىن ، شور ، تۇز تەركىبى يوق ، كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدىغان ، كەلكۈن بېسىپ كەتمەيدى- غان ، قۇمساڭ ئەت تۇپراقلىق ياكى مۇنبەت يەرنى تاللاش لازىم . ئۇرۇق ئەتىيازدا تېرىلماقچى بولسا ، تاللانغان يەرگە بۇ يىل كۈز پەسلىدە ھەر موسىغا 5000 كىلوگرام ياخشى چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇت تۆكۈپ ، چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ توڭ سۈيى قويۇش كېرەك . ئەتىيازدا توڭ ئېرىگەندىن كېيىن ، يەرنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ، يۇمشاق ئاغدۇ- رۇپ ، قىرلاپ ، تۈزلەپ ، چۆنەك تارتىپ ، سۇلياۋ يوپۇق يېپىش لازىم .

## 5 . ئۇرۇق تېرىش

ياڭاق كۈز پەسلىدە 10 - ئايلاردا ، ئەتىياز پەسلىدە

3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە تېرىلسا ئەڭ مۇۋاپىق پەيتتە تېرىلغان بولىدۇ. ئەتىيازدا تېرىشقا توغرا كەلسە، ئوسىسىغا چۆنەك ئېچىپ، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىغان ياخشى. تېرىشتا، قۇر (رەت) ئارىلىقىنى 40 — 50 سانتىمېتىر، تۈپ ئارىلىقىنى 15 — 20 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقىنى 5 — 6 سانتىمېتىر قىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ. تېرىش ئۇسۇلى كېۋەز تېرىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، تۆشۈك ئېچىش ئۈچۈن مەخسۇس سايمان تەييارلاش لازىم. ئۇرۇق ھەربىر تۆشۈككە بىر-دىن، قىرغىقى (يېرىقى) يەرگە قارىتىپ تېرىلىدۇ. ئۇ-رۇق تېرىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۈستىگە 4 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ھۆل توپا تۆكۈپ چىڭدىلىدۇ. ئادەتتە، 1 مو يەرگە 120 — 140 كىلوگرام ئۇرۇق سېلىنسا بولىدۇ.

### 6. پەرۋىش قىلىش

ياڭاق تېرىپ 25 — 30 كۈن ئۆتكەندە ئۈنۈشكە باشلايدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ پەرۋىش قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. كۆچەت ئۈنۈپ رەسمىي يوپۇرماق چىقىرىپ 15 — 20 سانتىمېتىر بولغاندا، بىر قېتىم ئاز ـ ئازدىن ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلىنىپ دەرھال سۇغىرىلىدۇ. تېز ئۆسۈش مەزگىلىدە (6 ـ ئاينىڭ بېشىدىن 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىغىچە) ئىككى قېتىم ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئو-غۇتلىنىپ 3 — 4 قېتىم سۇغىرىپ، تۈۋى يۇمشىتىلىدۇ. ئوتىنى ئوتاپ، كېسەللىك، زىياندىش ھاشاراتلارنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. 3 — 4 قېتىم دورا ۋە يوپۇرماق گۆھىرى

چېچىلىدۇ . 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا بىر قېتىم كالىيلىق ئوغۇت بېرىپ كۆچەت تېنىنىڭ ياغاچلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ . 9 - ئاينىڭ بېشىدا ئوغۇتلاش ، ئاخىرىدا سۇ- غىرىش توختىتىلىدۇ . ئەگەر كۆچەتلەر مايسا بولغان مەز- گىللەردە قۇرغاقچىلىق ئېغىر ، تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولۇپ كەتسە ، كۆچەتلەرنىڭ نابۇت بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، كەچ تەرەپلەردە دورا چېچىش ماشىنىسى بى- لەن يوپۇرماق يۈزىگە سۇ پۈركۈش ، قومۇش ، ئوت - چۆپ قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن كۆچەتكە سايە چۈشۈرۈپ كۆچەتلەرنىڭ چارلىشىپ كۆيۈپ كېتىشىدىن مۇداپىئە كۆ- رۈش لازىم . شۇ يىلى ئۈرۈقتىن تېرىلغان كۆچەتلەر ئادەت- تە 50 — 60 سانتىمېتىرغا ، ياخشى پەرۋىش قىلىپ باشقۇرۇلسا 70 — 80 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ ، كۆ- چەتلەرنى 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا كۆزلۈك سۇغ- رىپ ، 20 — 25 - كۈنلىرىدىن بۇرۇن توپا بىلەن كۆمۈپ قىشتىن ئۆتكۈزۈش لازىم . ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا كۆ- مۈكتىن ئاچقاندىن كېيىن ، ياخشى پەرۋىش قىلىپ ، 5 - ئايدا ئۇلاق ئاستى قىلىپ ئەلا سورتلارغا ئۇلىغاندا ، كۆچەت- نىڭ ئېگىزلىكىنى 1.5 — 2 مېتىرغا يەتكۈزگىلى ، سور- تىنى تېخىمۇ ياخشىلىغىلى بولىدۇ .

## 2 . بادامنىڭ ئۈرۈقىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش

### 1 . بادامنىڭ ئەلا سورتلىرىنى تاللاش

بادامنىڭ تۈرى 40قا يېتىدۇ . ئەمما ، مەملىكىتىمىز-

دە يەتتە تۈرى ، شىنجاڭدا ياۋا بادامدىن بىر تۈر ، ئۆستۈ-
رۈلگەن مەدەنىي بادامدىن ئاچچىق بادام ، تاتلىق بادامدىن
ئىبارەت ئىككى تۈر ، ئىچكى ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈلگەن
بادامدىن ئۈچ تۈر بولۇپ ، جەمئىي ئالتە تۈرى بار . ئىككى
خىل مەدەنىي بادامنىڭ يەنە قەغەز بادام ، ئارا شاكاللىق
بادام ، تاش بادام ، شاپتۇل بادام ، ئاچچىق بادامدىن ئىبارەت
ئۆزگەرگەن بەش كەنجى تۈرى ۋە بۇ تۈرلەرگە تەۋە 20
نەچچە خىل سورتى بولۇپ ، بۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزىگە
خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇرۇقىنى
تېرىش ۋە ئۇلاش ئارقىلىق كۆچەت يېتىشتۈرۈلىدىغان ئەلا
سورتلارنى ياخشى تاللاش كېرەك . تاللانغان ئەلا سورتلار
ئىرسىيەتچانلىقى بىرقەدەر مۇقىم ، مەھسۇلاتى يۇقىرى ،
ئۆمرى ئۇزاق ، مېغىزىنىڭ سۈپىتى ياخشى ، شاكىلى نې-
پىز ، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك ، مەھسۇلاتى مەملىكەت
ئىچى ۋە خەلقئارا بازارلاردا شۆھرەت قازانغان ئەڭ ياخشى
سورتلاردىن بولۇشى لازىم .

ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى
1994 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بادام سورتلىرىنى
تەكشۈرۈپ باھالاش ئارقىلىق 10 خىل بادام سورتىنى «ئەلا
سورت» دەپ تاللاپ بېكىتكەن ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە :

1 . كېيىن پىشار مول ھوسۇللۇق بادام (يەكەن 18 - نومۇر ) ؛

2 . ئەگرى تۇمشۇق بادام ؛

3 . قوشماق بادام ؛

4 . كۆپ مېۋىلىك بادام (يەكەن 2 - نومۇر ) ؛
5 . قەغەز بادام ( يەكەن 1 - نومۇر ) ؛
6 . قوش مېغىزلىق بادام ( يەكەن 9 - نومۇر ) ؛
7 . چوقۇر بادام ؛
8 . كەش بادام ؛
9 . سوغۇققا چىداملىق ، مول ھوسۇللۇق بادام ؛
10 . خەسە بادام .

بۇلارنىڭ ئىچىدە كېيىن پىشار مول ھوسۇللۇق بادام (يەكەن 18 - نومۇر ) ، قوش تۇمشۇق بادام ، قوشماق بادام ، كۆپ مېۋىلىك بادام قاتارلىق سورتىلار ئاساسلىق تىكىلىدىغان سورتىلار ، قەغەز بادام (يەكەن 1 - نومۇر ) ، قوش مېغىزلىق بادام (يەكەن 9 - نومۇر ) قاتارلىقلار چاڭلاشتۇرغۇچى سورتلاردۇر . بۇنىڭدىن باشقا ، ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆپەيتىشكىمۇ ، ئۇلاپ كۆپەيتىشكىمۇ بولىدىغان ئەلا سورتلارنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ تاللاپ بېكىتىش لازىم . ئەلا سورتلارنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرگەندە ، شۇ خىل سورتنىڭ ئىرسىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولسا ، ئۇنىڭدىن يېتىشىپ چىققان كۆچەتلەر ئەسلىدىكى ئانا تۈپنىڭ سورتى ۋە سۈپىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ . ئەگەر ئىرسىيەتچانلىقى ئۆزگىرىشچان ياكى شالغۇتلىشىپ كەتكەن بولسا ، سورتى چېكىنىپ كېتىدۇ . ئەلا سورتلۇق تۈپلەردىن ئۇرۇق يىغىپ تېرىش ئارقىلىق كۆچەت يېتىشتۈرگەندە ، باغ بىنا قىلىنغاندىن كېيىن تۈپراقنىڭ قۇرۇلمىسى ياخشى بولماسلىق ، تۈپ-

راق ، سۇ ، ھاۋا شارائىتىغا ماسلىشالماسلىق ، بىقىش - باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك قاتارلىق تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىنمۇ سورتلاردا چېكىنىپ كېتىش ، مەھسۇلاتى تۆ-ۋەنلەپ كېتىش ، ھەتتا چىچەكلەپ مېۋە بەرمەسلىكتەك ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ . شۇڭا ، بىرىنچىدىن ، ئەلا سورتلۇق بادامنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىش ئارقىلىق كۆچەت يېتىشتۈ-رۈش ؛ ئىككىنچىدىن ، ئۇنىڭغا يەنە شۇ خىل ئەلا سورتلار-نى ئۇلاش ؛ ئۈچىنچىدىن ، ئاچچىق بادام ، شاپتۇل بادام ، قىلىن پوستلۇق بادامنىڭ ئۇرۇقى تېرىپ يېتىشتۈرۈلگەن 1 — 2 يىللىق كۆچەتلەرگە ئەلا سورتلارنى بىخ ئۇلاق قىلىپ ئۇلاش ئارقىلىق ئەلا سورتلۇق كۆچەتلەرنى يېتىش-تۈرۈش لازىم .

## 2 . بادامنىڭ ئۇرۇقىنى بىر تەرەپ قىلىش

ئەلا سورتلۇق بادام ئۇرۇقىنىڭ پوستى نېپىز ، سۇ سۈمۈرۈشى تېز بولغاچقا ، ئۇنى بىخلاندۇرۇش ئۇچۇن يا-ڭاق ، ئۆرۈك ، شاپتۇل ، تاش بادام ، شاپتۇل بادام قاتار-لىقلارغا ئوخشاش مۇرەككەپ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش كەت-مەيدۇ ، سورتلۇق بادام ئۇرۇقىنى كۈزدە تېرىغاندا بىر تەرەپ قىلمىسىمۇ بولىدۇ ، لېكىن ئەتىيازدا تېرىغاندا تې-رىشتىن ئىلگىرى بىخلاندۇرۇپ ئاندىن تېرىلىدۇ . ئادەتتە تېرىلىدىغان بادام ئۇرۇقلىرى تېرىشتىن بىر ئاي بۇرۇن سورتلار بويىچە ئىسسىق سۇغا چىلىنىدۇ . نېپىز شاكاللىق بادام 4 — 5 كۈن ، ئارا شاكاللىق بادام 10 — 11 كۈن

ئەتراپىدا سۇغا چىلانسا بولىدۇ. ئۇرۇقلار سۇغا تويۇنغاندىن كېيىن، سۇدىن سۈزۈۋېلىنىپ، بىر قەۋەت قۇم، بىر قەۋەت ئۇرۇق، بىر قەۋەت ئات قىغى تۆكۈپ قەۋەتلەپ بىخلاندۇرۇلىدۇ، قەۋەتلەپ بىخلاندۇرۇش مەشغۇلاتى پارنىكتا ياكى سىرتتا ئورەك كولاش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. پارنىك ئىچىدىكى ئورەككە 10 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ئات قىغى، ئۇنىڭ ئۈستىگە 15 — 20 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا نەم قۇم تۆكۈپ، ئاندىن ئۈستىگە ئۇرۇقنى تۆكۈپ، ئىككى كۈندە بىر قېتىم سۇ چېچىپ تۇرسا، ئۇرۇق 20 — 25 كۈندە بىخلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇرۇقنى ئايرىۋېلىپ تېرىسا بولىدۇ.

### 3. ئۇرۇق تېرىش

بادامنىڭ قېلىن پوستلۇق سورتلىرى كۈزدە تېرىلسا كۆكلەش ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ ھەم ئۇنى بىخلاندۇرۇش ھاجەتسىز. يۇمشاق پوستلۇق، قەغەز شاكاللىق، ئارا شاكاللىق سورتلىرى بىخلاندۇرۇش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن ئاسان ئۈنگەچكە، ئۇنى ئەتىيازدا تېرىسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەتىيازدا (4-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا) تۇپراقنىڭ تېمپېراتۇرىسى 14 — 15C ئەتراپىدا ئىسسىغاندىن كېيىن، قۇر ئارىلىقىنى 40 — 50 سانتىمېتىر، تۈپ ئارىلىقىنى 8 — 10 سانتىمېتىر قىلىپ تاپ ئېچىپ، ئۇرۇق سالغاندىن كېيىن، ئۈستىنى 3 — 5 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا كۆمسە بولىدۇ،

بىخلاندۇرۇلغان ئۇرۇق نەم پېتى تېرىلسا ، 10 — 20 كۈندە ئۈنۈپ چىقىدۇ .

### 4 . پەرۋىش قىلىش

بادام ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن كۆچەتلەرنىڭ پەرۋىشىنى ياخشى ئىشلەش لازىم . مايسا ئۈنۈپ چىقىپ 20 — 25 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، ھەر 15 — 20 كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىپ ، توپىسىنى يۇمشىتىش ، ئوت - چۆپلەرنى ئوتاپ ئېلىۋېتىش لازىم . يەر ئاستى سۈيى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان جايلاردا كۆچەتلەرنى بىر يىلدا 5 — 7 قېتىم ، قۇمساق ئەت تۇپراقلارغا تېرىلغان كۆچەتلەرنى 8 — 10 قېتىم سۇغارسا بولىدۇ . ھەر قېتىم سۇغىرىلغاندىن كېيىن ، تۇپراقنىڭ نەملىكىنى ساقلاپ ، كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ، كۆچەتلەرنىڭ تۈۋىنى چاناپ بوشىتىپ تۇرۇش ھەمدە قوشۇمچە ئوغۇتلاپ كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش شارائىتىنى ياخشىلاش لازىم .

بادام كۆچەتلىرىنى 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 8 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە 2 — 3 قېتىم قوشۇمچە ئوغۇتلاش ، بىرىنچى قېتىمدا 1 مو يەرگە 700 — 800 كىلوگرام ياخشى چىرىگەن قوي قىغى ، 5 — 6 كىلوگرام ئازوتلۇق ئوغۇتنى تاپ ئېچىپ بېرىش ؛ ئىككىنچى ، ئۈچىنچى قېتىمدا ئوغۇتنىڭ مىقدارى ۋە تۈرىنى كۆپەيتىپ قوشۇمچە ئوغۇت بېرىش لازىم . بۇ مەزگىللەردە 1 مو يەرگە 5 كىلوگرام ئازوتلۇق ئوغۇت ، 7 كىلوگرام فوسفورلۇق ئو-

غۇت ، قوي قىغى ، كۈنجۈرە ، توخۇ ـ كەپتەر مايىقى قاتار ـ لىقلارنى مۇۋاپىق نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ ئوغۇتلاش ، ئو ـ غۇتلاپ بولغاندىن كېيىن ۋاقتىدا سۇغىرىش لازىم . 3 ـ قېتىم ئوغۇتلىغاندا ئازوتلۇق ئوغۇتلارنى توختىتىپ ، فوس ـ فورلۇق ، كالىيلىق ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلاپ كۆچەتلەرنىڭ تومۇلۇقىنى ئاشۇرۇش ، ئۈچ قىسمىنىڭ ياغاچلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك . كۆچەتلەرنى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىر ـ لىرىدىن باشلاپ سۇغىرىشنى توختىتىش ، ئۇششۇپ كېتىش ئەھۋاللىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، تولۇق ياتقۇزۇش ، ئىس قويۇش ، پاخال ، ئوت ـ چۆپ يېپىش ، كۆمۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك .

## 3 . چىلاننىڭ ئۇرۇقى (مېغىزى) نى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش

### 1 . چىلاننىڭ ئەلا سورتلىرىنى تاللاش

ئاپتونوم رايونىمىزدا يەرلىك چىلان سورتلىرىدىن 9 — 10 خىل ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلتۈرۈپ يەرلەشتۈرۈلگەن سورتلاردىن 30 — 40 خىل چىلان سورتى بولۇپ ، بۇلار سۈپەت ، تەم ، ئىشلىتىلىش جەھەتتە ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن دانىسى چوڭ ، ئېتى قېلىن ، پوستى نېپىز ، قەنت تەركىبى يۇقىرى ، چۈرۈك ، ئېلاستىكلىقى ياخشى ، ھۆل پېتى ئىس ـ

تېمال قىلىشقىمۇ ، قۇرۇق ئىستېمال قىلىشقىمۇ بولىدۇ. غان ئەلا سورتلارنى تاللاش لازىم . لېكىن ، بۇ سورتلارنىڭ ئىچىدە مېغىزى چىقىدىغان سورتلار ناھايىتى ئاز ، مېغىزى چىقىدىغان سورتلارنىڭمۇ مېغىز چىقىش نىسبىتى تۆۋەن ، بەزى سورتلار ئۇرۇقسىز ، يەنە بەزى سورتلارنىڭ مېغىزى تويۇنمىغان (پۇچەك ) . شۇڭا ، سورتلارنى ياخشى تاللاپ ، مېغىزىنى تېرىپ كۆپەيتىشكە بولىدىغانلىرىنى مېغىزىنى تېرىپ كۆپەيتىش ، ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆپەيتىشكە بولىدىغانلىرىنى ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆپەيتىش ، ئۇلاش ئارقىلىق كۆپەيتىشكە بولىدىغانلىرىنى ئۇلاپ كۆپەيتىش كېرەك .

1 . ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ مېغىزىنى تېرىپ كۆپەيتىشكە بولىدىغان ئەلا سورتلىرى

ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈلىدىغان ، مېغىزىنى تېرىپ كۆپەيتىشكە بولىدىغان ئەلا سورتلاردىن نەشپۈتسىمان چىلان ، دۇنخۇاڭ چىلىنى ، شياڭفىن يۇمىلاق چىلىنى ، شاڭزاۋ چىلىنى ، لاڭزاۋ چىلىنى ، قىشلىق چىلان (ئالمىسىمان چىلان ) ، زەنخاڭ چوك چىلىنى ، چۈنزۇ چىلىنى قاتارلىقلار بار . بۇ خىلدىكى سورتلارنىڭ ساپ مېغىز چىقىش نىسبىتى 20 — 60% بولۇپ ، ئۇنىڭ نىسبىتى تېخىمۇ تۆۋەن ، ئۆسۈپ يېتىلىشى ئاستا بولغاچقا ، ئۇرۇق ، ئەمگەك كۈچى ۋە يەر ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ . شۇڭا ، ئەڭ ياخشىسى مېغىزىنى چىقىرىپ تېرىش كېرەك . يۇقىرىقى ئەلا سورتلار مېغىزىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرگەندىن كېيىن ، ئەسلىي سورتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ

قالىدۇ، بۇ خىل كۆچەتلەرنى قايتا ئۇلاش ھاجەتسىز.

2. مېغىزىنى تېرىپ كۆپەيتىشكە بولىدىغان يەرلىك سورتلار

بۇ خىل سورتلاردىن شىنجاڭ سوقا چىلىنى (قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىگە تارقالغان)، قەشقەر چىلىنى (مېغىزى تويۇنغان، مېغىز چىقىش نىسبىتى 88 — 90%)، كونىشەھەر چىلىنى (مېغىزى تويۇنغان، مېغىز چىقىش نىسبىتى 90%)، قۇمۇل چىلىنى (ئۇرۇقى كىچىك، مېغىز چىقىش نىسبىتى تۆۋەنرەك) قاتارلىقلار بار.

بۇ سورتلارنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشكىمۇ، مېغىزىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشكىمۇ ياكى ئۇلاق ئاستى قىلىپ باشقا ئەلا سورتلارنى ئۇلاپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن بىخلاندۇرۇپ ئاندىن تېرىش لازىم.

3. ئۇرۇقىنى تېرىپ ئۇلاق ئاستى قىلىدىغان سورتلار

شىنجاڭ باغ چىلىنى (يۇمىلاق كىچىك چىلان). جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان بولۇپ، مېۋىسى كىچىك، تەمى تاتلىق، ئۇرۇقى چوڭ، مېغىزى توق، مېغىز چىقىش نىسبىتى 95 — 98%. ئۇنىڭ مېغىزىنى تېرىش ھاجەتسىز، ئۇرۇقىنى بىخلاندۇرۇپ تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرگەندىن كېيىن، ئەلا سورتلارنى ئۇلاشتا ئۇلاق ئاستى قىلىنىدۇ.

ياۋا چىلان (ئاچچىق چىلان). چۇچۇمەل چىلان دەپمۇ

ئاتىلىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ «ئۈچ شىمالىي رايونى»غا تار-قالغان غوللۇق چاتقال دەرەخ بولۇپ، مېۋىسى كىچىك، تەمى چۈچۈمەل، ئۇرۇقى چوڭ، مېغىزى ئۇششاق، مېغىز چىقىش نىسبىتى 95 — 96%. ياۋا چىلاننىڭ مېۋىسىنى يېگىلى بولمايدۇ، مېغىزى دورىگەرلىك سانائىتىدە، مىللىي تېبابەتچىلىك ۋە جۇڭگو تېبابەتچىلىكىدە دورا قىلىنىدۇ. ئۇرۇقى ياكى مېغىزىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئار-قىلىق سورتلۇق چىلاننىڭ ئۇلاق ئاستى قىلىشقا بولىدۇ.

## 2. چىلاننىڭ ئۇرۇقىنى ئېتىدىن ئايرىش

تېرىپ كۆپەيتىشكە بولىدىغان چىلاننىڭ ئەلا سورتلى-رى تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۇرۇقى مېۋە ئې-تىدىن ئاجرىتىۋېلىنىدۇ. ئۇرۇقنى مېۋە ئېتىدىن ئاجرى-تىشتا، ئالدى بىلەن چىلان پاكىز يۇيۇپ بورىغا يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇرۇق مېۋە ئېتىدىن پىچاق بىلەن بىر - بىرلەپ ئاجرىتىۋېلىنىدۇ. مېۋە ئېتى مۇراببا، شەربەت تەييارلاشقا ياكى قۇرۇق ئىستېمال قى-لىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر ئېتى كېرەكسىز دەپ قارالسا، ئۇرۇقى ئاجرىتىۋېلىنماقچى بولغان چىلانلارنى سېمونت كۆلچەك، داس، كوزا ياكى تېگىگە سۇلياۋ سېلىنغان ئورۇ-غا تۆكۈپ، 50 — 60 C لۇق قىزىق سۇغا 1 سوتكا چىلاپ، ئۈستىنى باسۇرۇپ قويسا ئېتى يۇمشايدۇ. بۇ چاغدا سىم تور، تەڭكەش قاتارلىق سايمانلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇرۇق-نى ئېتىدىن ئاجرىتىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇرۇقنى ئېتىدىن

ئاجرىتىۋالغاندىن كېيىن ، پاكىز يۇيۇپ بورىغا يېيىپ قۇ-رۇتۇپ ، چىپتا تاغارغا قاچىلاش لازىم .

### 3 . چىلاننىڭ مېغىزىنى چىقىرىش

ئىچكىرىنىڭ سورتلۇق چىلانلىرىنىڭ مېغىز چىقىش نىسبىتى 20 — 60% بولغاچقا ، ئادەتتە 1000 تال ئۇرۇق-تىن 200 — 600 تال سۇپەتلىك مېغىز ئالغىلى بولىدۇ . مېغىز چىقىش نىسبىتى 50 — 60% بولغان سورتلار ئىچىدىن 100 كىلو قۇرۇق چىلاندىن 18 — 20 مىڭ تال مېغىز ئالغىلى بولىدۇ . بۇ 2 مو يەرگە تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە يېتىدۇ . مېغىز چىقىش نىسبىتى 40 — 50% بولغان سورتلاردىن 14 — 17 مىڭ تال ، 40% تىن تۆۋەن بولغان سورتلاردىن ئاز دېگەندىمۇ 10 — 12 مىڭ تال مېغىز ئالغىلى بولىدۇ . چىلان ئۇرۇقى يۇيۇپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇش داۋامىدا ئاسان كاللەكلىشىۋالىدۇ . بۇ چاغدا ياغاچ كالتەك ، توقماق قاتارلىقلار بىلەن يېنىك سوقۇپ ، ئۇرۇقنى بىر - بىرىدىن ئاجرىتىپ ، ئامبۇر ياكى يېنىكرەك تۆمۈر ئەسۋابلار ئارقىلىق ئۇرۇقنى بىر - بىرلەپ چېقىپ ، مېغىزىنى ئېلىش كېرەك . بىر ئادەم بىر كۈندە 800 — 1000 تال مېغىز ئايرىيالايدۇ . مېغىزنىڭ زېدە بولۇپ قالغانلىرى ئۈنمەيدۇ . شۇڭا ، زەخىملەنگەن مېغىزلارنى شاللاپ چىقىرىۋېتىپ ، قالغان ساپ ئۇرۇقنى رەخت خالتىغا قاچىلاپ ، تېرىش مەزگىلى يېتىپ كەلگۈچە سالقىن ، سوغۇق يەردە ساقلاش كېرەك .

## 4 . مېغىزنى پارنىكتا تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش

1 . يەر تەييارلاش

پارنىكتا مېغىز تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن تۈپرىقى مۇنبەت ، سۈيى راۋان ، كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدىغان يەرنى تاللاپ ، چوڭقۇر ، يۇمشاق ئاغدۇرۇش كېرەك . ياخشى چىرىگەن ، سۈپەتلىك قوي قىغىدىن 1 مو يەرگە 25 — 30 تاغار تۆكۈپ ، پارنىك جازىلىرىنى شەرقتىن غەربكە قارىتىپ ، 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنلىرىدىن بۇرۇن قوراشتۇرۇپ چىقىش لازىم . 2 - ئاينىڭ 22 - ، 23 - كۈنلىرى يەرنى ئوسا قىلىپ ، 26- ، 27 - كۈنلىرى پارنىك ئۈستىنى سۇلياۋ بىلەن يېپىش (پارنىكنىڭ كەڭلىكى سۇلياۋنىڭ كەڭلىكى بويىچە بولسا بولۇۋېرىدۇ ) ،3- ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە مېغىزنى تېرىپ بولۇش لازىم .

2 . مېغىز تېرىش

پارنىك ئۈستى يېپىلغاندىن كېيىن ، پارنىكنىڭ تېمپېراتۇرىسى پەيدىنپەي ئۆرلەپ ، تېرىشقا شارائىت يارىتىلىدۇ . پارنىك ئىچىدە ئازادە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ، پارنىك ئوتتۇرىسىنىڭ ئېگىزلىكى 2 مېتىردىن ، ئىككى ياقىسىنىڭ ئېگىزلىكى 80 سانتىمېتىردىن تۆۋەن بولماسلىقى ، پارنىكنىڭ ئۈستى ھەر 2 مېتىردا ئارقان بىلەن ئىككى يان تەرەپكە مەھكەم تارتىلىشى كېرەك . بۇ ،

بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە پايدىلىق . ئوسا قىلىنغان يەر يۇمشاق ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن (پارنىك كۆلىمى كىچىك-رەك بولسا كەتمەن بىلەن چاناپ يۇمشىتىلسىمۇ بو-لىدۇ) ، يەر ئاستى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيان سېلى-شىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، لازا ، تاماكا ، ئابدىمىلىك يو-پۇرمىقىدىن تەييارلانغان پاراشوكسىمان دورىلارنى چې-چىپ ، ئاندىن تارماقنىڭ كەينى بىلەن تەكشى تۈزلەش كېرەك . پارنىكنىڭ كەڭلىكى سۇلياۋنىڭ كەڭلىكىگە ئاسا-سەن بەلگىلەنسە (ئەڭ ياخشىسى 5.5 — 11 مېتىرغىچە بولسا) ، پارنىكنىڭ ئۇزۇنلۇقى كۆچەت يېتىشتۈرۈش پە-لانلانغان يەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەنسە بولىدۇ . پار-نىكقا تەييارلانغان يەر تەكشى تۈزلىنىشى ، ئېتىزلارنىڭ ئېگىز - پەسلىك پەرقى 2 — 3 سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى ، قىرلار پەس ھەم تۈز سېلىنىشى لازىم .

پارنىك ئىچىدىكى يەرلەر تەلەپكە لايىق تەكشى تۈزلى-نىپ ، قىرلار سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، شەرقتىن غەربكە بويلاپ تاناپ تارتىپ ، قۇر ئارىلىقىنى 30 سانتىمې-تىر قىلىپ ، ئاكۇشنا بىلەن 1.5 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا تاپ ئېچىلىدۇ . مېغىزنى 4 — 5 سائەت سوغۇق سۇغا چىلىغاندىن كېيىن ، سۇدىن سۈزۈۋېلىپ ، ئېچىلغان تاپ ئىچىگە ھەر 10 — 12 سانتىمېتىرغا بىر تالدىن ئۇرۇق سېلىش ، ئۇرۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 1.5 سانتىمېتىردىن ئې-شىپ كەتمەسلىك ، ئۇرۇق سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن تارماقنىڭ كەينى بىلەن تەكشى تۈزلەپ ، تاپ بويىچە يېنىك

دەسسەپ چىقىداش لازىم . پارنىك تېمپېراتۇرىسى بىلەن نەملىكىنى ياخشى ماسلاشتۇرۇپ ، تېمپېراتۇرىنى پەيدىن-پەي ئۆرلىتىش ، ئۇرۇق ئۇنۇپ مايسا بولغاندىن كېيىن ، تۆۋەن تېمپېراتۇرىنى 25°C تىن چۈشۈرۈۋەتمەسلىك ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىنى 38°C تىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كې-رەك . 5 - ئايدىكى پارنىك تېمپېراتۇرىسى 35 — 38°C ئەتراپىدا بولسا ۋە مۇشۇ مەزگىلدە يۇقىرى تېمپې-راتۇرا 15 — 20 كۈنگىچە مۇقىم بولسا ، مايسىنىڭ ئۆ-سۈپ يېتىلىشى تېز بولىدۇ . پارنىك ئىچىنىڭ تېمپېراتۇ-رىسى ئۆرلىگەنسېرى پار تامچىلىرى سۇلياۋنىڭ يۈزىگە يېپىشىۋالىدۇ . ھەر كۈنى ئەتىگەن - كەچلەردە پارنىك ئۈستىنى يېنىك نەرسىلەر بىلەن ئۇرۇپ پار تامچىلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىش كېرەك .

3 . پەرۋىش قىلىش

پارنىك ئىچىنىڭ نەملىكى ۋە تېمپېراتۇرىسى نورمال بولسا ، ئۇرۇق تېرىلغان كۈندىن ھېسابلىغاندا 15 — 18 كۈندە ئۈنۈپ چىقىشقا باشلايدۇ . ئۇرۇق تېرىلىپ 30 كۈن بولغاندا ئۇرۇقنىڭ 70 — 80% ى ئۈنۈپ تۇپراق ئۈستىگە چىقىپ بولىدۇ . مېغىزنىڭ 1.5 سانتىمېتىردىن يۇقىرى كۆمۈلۈپ قالغانلىرى 4 - ، 5 - ئايلاردىمۇ ئۈنۈپ چىقىدۇ . ئۇرۇق تېرىلىپ 25 — 30 كۈنگىچە تۇپراقنىڭ نەملىكى يوقىلىپ ، مايسىلارنى قۇرت كېسىۋېتىش ياكى ئۇسساپ قېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە ، سۇزۇك سۇ بىلەن نېپىز سۇغىرىش كېرەك . بۇ تېخى تولۇق ئۈنمىگەن ئۇرۇقلارغا

نىسبەتەن ئەكس تەسىر كۆرسەتمەيدۇ . سىرتقى مۇھىتنىڭ
تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ ، 36 — 38 C تىن ئاشقاندا ، ئالدى
بىلەن پارنىكنىڭ شىمالىي قىسمىنى ھەر كۈنى
كەچتە ئاز - ئازدىن ئېچىۋېتىپ ، مايسىلار سىرتقى مۇ-
ھىتنىڭ تېمپېراتۇرىسىغا ماسلىشىپ بولغاندىن كېيىن ،
سۇلياۋنى بىراقلا ئېلىۋېتىش كېرەك . سۇلياۋنى ئېلىۋەت-
كەندىن كېيىن ، 15 — 20 كۈندە بىر نۆۋەت سۇزۇك سۇ
بىلەن سۇغىرىپ ، ۋاقتىدا چاناپ تۇۋىنى يۇمشىتىش لازىم .
كۆچەت 15 — 20 سانتىمېتىردىن ئاشقاندا ئىككى رەتنىڭ
ئوتتۇرىسىدىن تاپ ئېچىپ ، ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن ئاز -
ئازدىن قوشۇمچە ئوغۇتلاش ، ئىككىنچى ، ئۈچىنچى قېتىم-
دا سۆڭەك پاراشوكى ، قارا ئوغۇت ، كۈنجۈرە ، قوي قىغى ،
گەندە ، توخۇ - كەپتەر مايىقى قاتارلىقلار بىلەن قوشۇمچە
ئوغۇتلاپ (ئوغۇتنىڭ مىقدارىنى كۆچەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋا-
لىغا قاراپ مۇۋاپىق كۆپەيتىش ۋە مۇۋاپىق تەڭشەش كې-
رەك ) ، 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئوغۇتلاشنى ، 9 - ئاينىڭ
20 - كۈنلىرىدىن كېيىن سۇغىرىشنى توختىتىش لازىم .
11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىر قېتىم سۇغىرىپ توڭ
ياتقۇزۇش كېرەك . 7 - ئايدا چىلان كۆچەتلىرىنىڭ ئاس-
تىنقى قىسمىدىكى شاخ - پۇتاقلىرىنى قايچا بىلەن كېسىپ
ئېلىۋېتىپ ھاۋا ئالمىشىشقا شارائىت يارىتىپ بېرىش كې-
رەك . كۆچەتلەر مايسا مەزگىلىدە 4 — 5 كۈندە بىر قېتىم
دورا پۈركۈپ ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش
لازىم .

## 5 . مېغىزنى ئوچۇقچىلىققا تېرىپ كۆچەت يې-تىشتۈرۈش

ئەلا سورتلۇق چىلان مېغىزىنى تېرىپ ئوچۇقچىلىقتا كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى ئاددىي ، مەشغۇلات تەرتىپى ئاز ، چىقىمى تۆۋەن ، ئۈنۈمى ياخشى بولغان تەدبىرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇ دۆلەت ، كوللېكتىپ ، شەخسىي كۆچەتخا-نىلارنىڭ قوللىنىشىغا باب كېلىدۇ .

1 . يەر تەييارلاش

ئوچۇقچىلىقتا مېغىز تېرىپ چىلان كۆچىتى يېتىشتۈ-رۈش ئۈچۈن ، كۈن نۇرى يېتەرلىك ، سۈيى راۋان ، تۇپرى-قى مۇنبەت ياكى شور تەركىبى بولمىغان قۇمساڭغۇ ئەت تۇپراقلىق يەرلەرنى تاللاش لازىم . تەييارلانغان يەرلەرنىڭ تەكشىلىكى ياخشى بولۇشى ، چوڭقۇر ، يۇمشاق ئاغدۇرۇل-غان ، سۇپەتلىك تۇزلەنگەن ، قىرلىرى تۈز سېلىنغان ، ئوت - چۆپ يىلتىزلىرى ۋە ئەخلەتلەر پاكىز تازىلانغان بولۇشى كېرەك . چىلان مېغىزى يالىڭاچ ھالەتتە بولغاچقا ، تېرىلغاندىن كېيىن ، قۇرت - ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئا-سان ۋە كۆپ ئۇچرايدۇ . شۇڭا ، ئالدىنقى يىلى كۈزى سەي - كۆكتات تېرىغان يەرلەرنى تاللىماسلىق كېرەك . ئالدى بىلەن تۇپراقنى ياغاچ كۆمۈر كۈلى ، تاماكا توپىسى ۋە باشقا خىمىيىلىك دورىلار ئارقىلىق دېزىنفېكسىيە قىلى-غاندىن كېيىن ، ياخشى چىرىگەن سۇپەتلىك قوي قىغىدىن 30 تاغار ئەتراپىدا تۆكۈپ ، يەرنى يۇمشاق ئاغدۇرۇپ ،

ئاندىن تەكشى تۈزلەپ ئۇسا قىلىش لازىم .

2 . مېغىز تېرىش

يەر ئۇسا قىلىنغاندىن كېيىن ، قايتا ئاغدۇرۇلۇپ ، تەكشى تۈزلەپ 110 سانتىمېتىر كەڭلىكتە چۆنەك ئېچىلىدۇ . چۆنەكنىڭ ئۈستى تەكشى چىڭدالغاندىن كېيىن ، كەڭ ئەنلىك (1.20 مېتىرلىق ) سۇلياۋ يوپۇق يېپىلىدۇ . يوپۇق ئۈستىدىن تاناپ تارتىپ ، قۇر ئارىلىقىنى 35 سانتىمېتىر قىلىپ ئۈچ قوش قۇر ، 60 سانتىمېتىر قىلىپ بىر تاق قۇر ئېلىپ مەخسۇس تەييارلانغان سايمان بىلەن تۆشۈك ئېچىلىدۇ . ئۇرۇق (مېغىز )نى تېرىش ۋاقتى 4- ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 25 - كۈنگىچە بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ . ئۇرۇقنى ئىلمان سۇغا 4 — 5 سائەت چىلاپ سۇزۇۋېلىپ ، تۈپ ئارىلىقى 10 — 12 سانتىمېتىر ، چوڭقۇرلۇقى 1.5 سانتىمېتىر قىلىپ تېشىلگەن ھەربىر تۆشۈككە بىر تالدىن سېلىپ ، تۆشۈك ھۆل توپا بىلەن كۆمۈلىدۇ . تېرىش ئۇسۇلى ئادەتتە كېۋەز تېرىش ئۇسۇلىغا ئوخشاش بولۇپ ، بۇنداق ئۇسۇلدا تېرىلغان مېغىز ئاساسەن 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە تەكشى ئۈنۈپ بولىدۇ ، لېكىن بۇ مەزگىلدە ، تۇپراق ئاستىدىن يەر يولۋېسى ، ماي قوڭغۇزى ، يالتىراق قوڭغۇز ، موزايۋېشى قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلار ، تۇپراق ئۈستىدە قۇشقاچ ، تۇمۇچۇق ، سۇڭگۈچ ، پاختەك ، توخۇ - كەپتەر ، ياۋا توشقان ، كىرپە ، چاشقان قاتارلىقلارنىڭ زىيان سېلىشى بىرقەدەر كۆپ بولىدۇ . شۇڭا ، بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، تېرىغاندا يەرلىك ئوغۇتنى بەك

كۆپ تۆكمەسلىك (30 تاغار ئەتراپىدا بولسا بولىدۇ)، تۇپراقنى چوقۇم دېزىنفېكسىيە قىلىپ تېرىش، مايسا ئۈنۈپ 15 — 20 سانتىمېتىر بولغۇچە پات - پات دورا چېچىپ تۇرۇش لازىم.

3. پەرۋىش قىلىش

مايسا ئۈنۈپ چىققاندىن باشلاپ 15 — 20 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسكۈچە بولغان ئارىلىقتا، زىيانداش ھاشارات، قۇش قاتارلىقلارنىڭ زىيان سېلىشى بىرقەدەر ئېغىر بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە مۇداپىئە كۆرۈش ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىشنى كۈچەيتىش لازىم. يەر ئاستىدىكى زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئېتىزلىققا سۇ باشلىغاندا، ئېتىزلاردا سۇ توختىتىپ، تاسقالغان ياغاچ كۆمۈر كۈلى، تاماكا توپىسى، لازا پاراشوكى قاتارلىقلارنى سۇغا چېچىش لازىم. يەر ئۈستىدىكى زىيانداشلارنىڭ زىيىنىدىن مۇداپىئە كۆرۈشتە خىمىيىلىك دورىلارنى چاچقاندىن باشقا، مەخسۇس ئادەم قويۇپ خەۋەر ئېلىش ۋە يوقىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك. چىلان كۆچىتى قىش پەسلىدە كۆمۈلمىسىمۇ ئۆششۈپ كەتمەيدۇ. لېكىن، قىش پەسلىدە ياۋا توشقاننىڭ زىيان سېلىشى نىسبەتەن ئېغىر بولىدۇ. شۇڭا، چىلان، ئۆرۈك قاتارلىق قىشتا كۆمۈلمەيدىغان كۆچەتلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە چەت - ياقا جايلارغا ۋە جاڭگال، ساي ياقىسى ئەتراپىغا تېرىماسلىق كېرەك.

چىلان كۆچىتىنى پەرۋىش قىلىشتا، مايسا 15 — 20

سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسكەندىن تارتىپ ، يىل ئاخىرد-
غىچە 8 — 10 قېتىم سۇغىرىش ، 5 — 6 قېتىم چاناپ
تۇۋىنى يۇمشىتىش ، 3 — 4 قېتىم قوشۇمچە ئوغۇت بې-
رىش ، 3 — 5 قېتىم دورا چېچىش ، 1 — 2 قېتىم
يوپۇرماق گۆھىرى چېچىش ، 1 — 2 قېتىم غولىنىڭ
ئاستىنقى شاخ - پۇتاقلىرىنى چاتاپ ھاۋا يۇرۇشتۇرۇش
لازىم . پەرۋىش قىلىش ئىشلىرى ياخشى ئىشلەنسە ، كۆ-
چەتلەرنىڭ ئېگىزلىكىنى يىل ئاخىرىغىچە 1.20 — 1.50
مېتىرغا يەتكۈزگىلى ، ھەر 1 مو يەردە 7 — 8 مىڭ تۈپ
سورتلۇق كۆچەت يېتىشتۈرۈپ ، تەخمىنەن 15 — 20 مىڭ
يۈەن كىرىم قىلغىلى بولىدۇ .

## 4 . ئۆرۈكنىڭ ئۆرۈقىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش

### 1 . ئۆرۈكنىڭ ئەلا سورتلىرىنى تاللاش

شىنجاڭغا تارقالغان ئۆرۈكلەرنىڭ تۈرى مۇرەككەپ ،
سورتى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھۆل ئىس-
تېمال قىلىنىدىغان سورتلار ، پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان
سورتلار ۋە ھۆل ئىستېمال قىلىشقىمۇ ، پىششىقلاپ ئىش-
لەشكىمۇ بولىدىغان سورتلار بار . ئۆرۈك ئۆستۈرۈلىدىغان
ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تەرەققىي قىلدۇرىدىغان
نۇقتىلىق ئەلا سورتلىرى بولۇپ ، ئۇنى ئۆستۈرۈش ، كۆ-

پەيتىش جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ۋە ئىلغار تەج-
رىبىلەرگە ئىگە .
جايلار ئۆرۈكنىڭ ئەلا سورتلىرىنى تاللاشتا ، ئۆز را-
يونىدىكى داڭلىق ، ئەلا سۈپەتلىك سورتلارنى تەرەققىي قىل-
دۇرۇشنى ئاساس قىلىش بىلەن بىللە ، باشقا جايلارنىڭ
ئالاھىدە ياخشى ئۆرۈك سورتلىرىنى كىرگۈزۈپ سورت
يېتىشتۈرۈش ۋە ئەلا سورتلۇق ئۆرۈكلۈك باغ كۆلىمىنى
كېڭەيتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىشى كې-
رەك . ئەلا سورتلارنى كىرگۈزۈش ، ئۆستۈرۈش ۋە تەرەق-
قىي قىلدۇرۇشتا ، ئۆرۈك مەھسۇلاتىنىڭ مەملىكەت ئىچى
ۋە خەلقئارا بازارغا يۈزلىنىشىنى ، بازار ئۆچۈرىنى ۋە ئۆ-
نىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى نەزەردە تۇتۇپ ھەم ھۆل ئىستې-
مال قىلىشقا بولىدىغان ، ھەم قۇرۇتۇپ يۆتكەشكە بولىدى-
غان ياكى مېۋىسىنى قۇرۇتقاندىن كېيىن سۈپىتى ئېشىپ ،
قىممەت ئۆستىگە قىممەت قوشۇلىدىغان ، سۈپىتى ئەلا ،
ئالاھىدە سورتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىستراتېگىيە-
لىك نىشان قىلىش لازىم . شۇنىڭ بىلەن بىللە ھۆل پېتى
پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان ئەلا سورتلارنىمۇ مەلۇم كۆلەمدە
كېڭەيتىش كېرەك .
1 ) ھۆل پېتى ئىستېمال قىلىنىدىغان (پىششىقلاپ
ئىشلىنىدىغان ) سورتلار . بۇ خىل سورتلاردىن سېرىق
كىشمىش ، قىزىل كىشمىش ، مانتا ئۆرۈك ، مايسەن ئۆ-
رۈك ، مىرۋىل ئۆرۈك ، ياغلىق ئۆرۈك قاتارلىقلار بار .
2 ) پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان سورتلار . بۇ خىل

سورتلاردىن سەمەت ئۆرۈكى ، سېرىق خۇۋەينە ، قارا يوپۇرماق قۇمەت ئۆرۈك ، لىگۇاڭ ئۆرۈكى قاتارلىقلار بار .

3 ) هۆل ئىستېمال قىلىشقىمۇ ، پىششىقلاپ ئىشلەشكىمۇ بولىدىغان سورتلار . بۇ خىل سورتلاردىن ئاق كىشمىش ئۆرۈك ، مايسەن ئۆرۈك ، ئاق ياغلىق ئۆرۈك ، جانان ئۆرۈك ، تويۇن ئۆرۈك ، ئاق ئۆرۈك ، توغاچ ئۆرۈك ، سېرىق خۇۋەينە ئۆرۈك ، قارا يوپۇرماق ئۆرۈك ، قاپاق كىشمىش ئۆرۈك ، قىزىل قۇمەت ئۆرۈك ، قىزىل قاچا ئۆرۈك ، خورما ئۆرۈك ، ياغلىق قۇمەت ئۆرۈك ، سەمەت ئۆرۈكى ، ياسىن ئۆرۈكى قاتارلىقلار بار .

## 2 . ئۇرۇق يىغىش

تېرىشقا تەييارلىنىدىغان ئۇرۇقلار تاللاپ بېكىتىلگەن ئەلا سورتلار ئىچىدىن 15 — 20 يىللىق بولغان ، ساغلام ئۆسكەن ، شاخ - يوپۇرماقلىرى باراقسان ، ھەر يىلى بولۇق مېۋىلەيدىغان ، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمىغان ئانا تۈپلەردىن يىغىۋېلىنىدۇ . 7- ئاينىڭ باشلىرىدا ئۆرۈكلەر سارغىيىپ پىشقاندىن كېيىن ، ئۆرۈك ئىرغىتىپ يىغىۋېلىنىپ ، ئۇچكىسى ئېتىدىن ئاجرىتىلىپ سايە جايغا يېيىپ قۇرۇتۇپ ، چىپتا تاغارغا قاچىلاپ ساقلىنىدۇ .

## 3 . يەر تەييارلاش

ئۆرۈك ماسلىششچانلىقى كۈچلۈك دەرەخ . لېكىن ، ئۇرۇق تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ، كۈن نۇرى

تەكشى چۈشىدىغان ، شور ، تۇز تەركىبى ئاز ، قۇم تۇپراق ياكى قۇمساق ئەت تۇپراقلىق يەرلەرنى تاللاپ ، چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ يانتۇلۇق پەرقى چوڭ بولمىغان بىر ياپ سالا ئېتىز تەييارلاش كېرەك ، ھەر مو يەرگە 2500 — 3000 كىلوگرام ياخشى چىرىگەن مەھەللە ئوغۇتى تۆكۈپ ، يەرنى يۇمشاق ئاغدۇرغاندىن كېيىن ، تۇزلەپ ئۇرۇق تېرىشقا تەييارلاپ قويۇش لازىم .

## 4 . ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلىش

ئۇرۇقنى كۆز ياكى ئەتىياز پەسلىدە تېرىشقا بولىدۇ . كۆزدە تېرىلىدىغان ئۇرۇقنى بىخلاندۇرمىسىمۇ بولىدۇ ، كۆزدە ئۇرۇق تېرىغاندا ، ئۇرۇقنىڭ پۇچەكلىرىنى شاللاپ چىقىرىۋېتىپ ، تېرىشقا تەييارلانغان يەرگە 10 ـ ، 11 ـ ئاي ئىچىدە تاپ ئېچىپ ئۇرۇق سالغاندىن كېيىن ، ئۈستىنى كۆمۈپ ، دەرھال سۇ قويۇۋەتسە بولىدۇ . ئەتىيازدا تېرىلىدىغان ئۇرۇقلار قىش پەسلىدە مەخسۇس ئۇسۇللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىپ بىخلاندۇرۇلغاندىن كېيىن تېرىلىدۇ . ئۇرۇقنى بىخلاندۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرى كۆپ ، مەشغۇلات تەرتىپى ئاددىي بولۇپ ، سۇغا چىلاپ ، قۇمغا كۆمۈپ بىخلاندۇرسىمۇ ياكى ئورىغا كۆمۈپ بىخلاندۇرسىمۇ بولىدۇ . ئەگەر ئۇرۇق تېرىش پەيتى يېتىپ كېلىپ ئۇرۇقنى بىخلاندۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىسە ، ئۇچىنى چېقىپ ، ساق مېغىزنى ئايرىۋېلىپ ، ئىلمان سۇغا 7 — 8 كۈن چىلاپ ، قۇمغا كۆمۈپ بىخلاندۇرغاندىن كېيىن تېرىسىمۇ بولىدۇ .

## 5 . ئۆرۈق تېرىش

ئەتىيازدا تېرىلىدىغان ئۆرۈق 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنـ لىرىدىن 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنلىرىگە قەدەر تېرىلسا بولىـ دۇ ، تېرىشتىن ئىلگىرى يەرنى ئوسا قىلىپ قايتا ئاغدۇرـ غاندىن كېيىن ، تۈزلەپ تاپ ئېچىپ تېرىسىمۇ ياكى ئاق يەرگە تېرىپ سۇغارسىمۇ بولىدۇ . تېرىشتا ، قۇر ئارىلىقى 50 سانتىمېتىر ، تۈپ ئارىلىقى 8 — 10 سانتىمېتىر ، چوڭقۇرلۇقى 3 — 5 سانتىمېتىرغىچە بولسا مۇۋاپىق بولىـ دۇ . يەرنى ئوسا قىلىپ ئاغدۇرۇپ ، تەكشى تۈزلەپ بولـ غاندىن كېيىن ، چۈنەك تارتىپ سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىـ سا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ ، بۇ ئۇسۇلدا سۇلياۋ ئۈستىدىن تاناپ تارتىپ قۇر ئارىلىقى بەلگىلىنىپ بولغانـ دىن كېيىن ، مەخسۇس سايمان بىلەن تۈپ ئارىلىقى 8 — 10 سانتىمېتىر ، چوڭقۇرلۇقى 3 سانتىمېتىر قىلىپ تۆـ شۈك ئېچىلىدۇ ، ئاندىن ھەربىر تۆشۈككە بىر تالدىن ئۆـ رۈق سېلىنىپ ، ئۈستىگە 3 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ھۆل توپا تۆكۈپ كۆمۈلىدۇ . بۇ ئۇسۇلدا تېرىلغان ئۆرۈق 20 كۈندە ئۈنۈپ چىقىشقا باشلايدۇ .

## 6 . پەرۋىش قىلىش

ئۆرۈك كۆچەتلىرى ئۈنۈپ 20 — 25 كۈندىن كېيىن بىر قېتىم نېپىز سۇغىرىلىدۇ ، ئوتىغۇچ قاتارلىق سايمانلار بىلەن كۆچەتنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىپ ، كۆچەتلەر 20 سانتىـ مېتىردىن ئاشقاندا تاپ ئېچىپ ، ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاپ دەرھال قاندۇرۇپ سۇغىرىش كېرەك . 7 ـ ئايـ

ـلاردا فوسفورلۇق ئوغۇت ياكى توخۇ ـ كەپتەر مايىقى ، قوي قىغى ، كۈنجۈرە قاتارلىقلار بىلەن بىر نۆۋەت ، 8 ـ ئايلاردا كالىيلىق ئوغۇتلار بىلەن بىر نۆۋەت ئوغۇتلاپ ، كۆچەتلەر ـ نى يىل بويى 8 — 10 قېتىم سۇغىرىش ، 6 — 7 قېتىم چاناپ تۈۋىنى يۇمشىتىش ، 3 — 4 قېتىم ئوتىنى ئوتاش ، 2 — 3 قېتىم دورا چېچىپ كېسەللىك ، زىيانداش هاشا ـ راتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم . 1 — 2 قېتىم ياندىن ئۆسۈپ چىققان شاخلىرىنى پۇتاپ پەرۋىشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كې ـ رەك . كۈز ۋە قىش پەسىللىرىدە توڭ سۇيى قويۇش ، ئىس قويۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ، كۆچەتلەرنىڭ ئۈششۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم .

ئەلا سورتلۇق ئۆرۈكنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرگەندە ، ئۇنىڭدىن ئورمان بىنا قىلىش ئارقىلىق مېۋە سۈپىتىنى ياخشىلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولسىمۇ ، لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇرۇقىدىن تېرىلغان سورتلار چېكىنىپ كېتىدۇ . شۇڭا ، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئۇلاق ئاستى قىلىپ ، ئەلا سورتلارغا قايتىدىن ئۇلىغان تۈزۈك .

## 5 . ئانارنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش

ئانار دەرىخى قەلەمچە قىلىش ، يىلتىزىدىن تۇپ ئاي ـ رىش ، نوتا باسۇرۇش ، ئۇرۇقىنى تېرىش ، ئۇلاش قاتارلىق

ئۇسۇللار ئارقىلىق كۆپەيتىلىدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە ، قەلەمچە ئارقىلىق كۆپەيتىش ئۇسۇلى بىلەن يىلتىزىدىن يېرىپ تۇپ ئايرىپ كۆپەيتىش ئۇسۇلى كۆپرەك قوللىنىلىدۇ . بۇ ئىك-كى خىل ئۇسۇلدا كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئاسان ھەم ئۈنۈمى ياخشى . ئەمما ، قەلەمچە قىلىنىدىغان يۇمران شاخ - نوتى-لارنىڭ يېتىشمەسلىكى تۇپەيلىدىن قەلەمچىلەرنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كېتىش ، شاخ - نوتىلارنى بەس - بەستە تالىشىپ سېتىۋېلىپ ، مۇددەتتىن بۇرۇن كېسىپ يۆتكەش نەتىجى-سىدە كۆكلەش ئۈنۈمى تۆۋەن ، سۈپىتى ناچار بولۇشتەك ئەھۋاللار ھەممىلا جايدا ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانماقتا ، ھەتتا بەزى كىشىلەر پايدىنى كۆزلەپ ، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر-نىڭ ئەسلىدە ياخشى مېۋە بېرىۋاتقان ئانار دەرەخلىرىنىڭ كۆپ يىللىق مېۋە شاخلىرىنىمۇ كېسىۋېلىپ ئانار مەھسۇلا-تىنى تۆۋەنلەتمەكتە . شۇڭا ، نۆۋەتتە پەن - تېخنىكىغا تايى-نىپ ئىلمىي ئۇسۇلدا ئانار ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت يې-تىشتۈرۈش يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جىددىيلىكنى پەسەيتىشنىڭ ياخشى تەدبىرى ھېسابلىنىدۇ .

## 1 . ئانار ئۇرۇقىنى تەييارلاش

ئۇرۇق ئېلىش ئۈچۈن 10 - ، 11 - ئايلاردا ياخشى پىشقان ، سۈپىتى ياخشى ، پوستى يېرىلمىغان ، مېۋىسى چوڭ ، تاتلىق ئانار سورتلىرىنى تاللاش كېرەك . ئەڭ ياخ-شىسى ئانار قىزىرىپ ياخشى پىشقان مەزگىلدە (10 - ئايدا ) ئانارلىق باغلاردىن تۈپلەر بويىچە تاللاپ ئۈزۈۋالغان ياخشى . ئانار ئۇرۇقىنى ئانارنى ئۈزۈۋالغاندىن كېيىن تەي-

يارلىسىمۇ ياكى ئەتىياز پەسلىدە تەييارلىسىمۇ بولىدۇ . لېكىن ، ئانارنى ئۇزۇپ ئۆيگە (ئامبارغا ) ئەكىرگەندىن كېيىن ، قىش پەسلىدە توڭلاپ قېلىشتىن ، ئىسسىقتىن كۆكىرىپ قېلىشتىن ، چاشقانلارنىڭ زىيان سېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك . ئادەتتە ئانارنى پوستىدىن ئاجرىتىۋې- لىپ ، پاكىز داكا خالتىغا قاچىلاپ قول بىلەن سىقىش (ماشىنا بىلەن سىقىشقا بولمايدۇ ) ئارقىلىق ئۇرۇقى ئاي- رىۋېلىنىدۇ . سۈيى شەربەت تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدۇ . ئۇ- رۇقى سۇدا پاكىز يۇيۇپ تازىلانغاندىن كېيىن ، ئەلگەك ، غەلۋىر قاتارلىق سايمانلار بىلەن سۇدىن سۇزۇۋېلى-- نىپ ، هاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان سالقىن جايدا بورا ئۈستىگە يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ . تولۇق قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، رەخت خالتا ياكى چىپتا تاغارغا قاچىلاپ سو- غۇق جايدا ساقلىنىدۇ .

## 2 . ئۇرۇقنى بىخلاندۇرۇش

ئانار ئۇرۇقى قاتتىق بولغاچقا ، شۇ پېتى تېرىسا ئاسان ئۈنمەيدۇ . شۇڭا ، تېرىشتىن ئىلگىرى سۇغا چىلاپ ، هۆل قۇمغا كۆمۈش ، ئورىغا تۆكۈش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق بىخ- لاندۇرۇلىدۇ . 3 - ئايدا پارنىكقا تېرىشقا توغرا كەلسە ، 2 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ؛ 4 - ئايدا ئوچۇق ئېتىزغا تېرىشقا توغرا كەلسە ، 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا بىخلاندۇرۇلغان ئۇرۇق تەييارلىنىدۇ . شۇڭا ، تېرىلىدىغان ئۇرۇق ئەهۋالغا قاراپ بىر ئاي ئىلگىرى بىخلاندۇرۇشقا تەييارلىنىدۇ . ئۇ- رۇقنى بىخلاندۇرۇش ئۇسۇلى كۆپ بولۇپ ، ئاساسلىق ئۇ-

سۇلى مۇنداق : ئۇرۇق ئالدى بىلەن چوڭ داس ، كوزا ياكى
چېلەكلەرگە قاچىلانغاندىن كېيىن ، 40 — 50°C لۇق ئىسسـ
ىق سۇغا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز چىلىنىدۇ . ئۇرۇق چىلانـ
غان داس ، چېلەكلەرنىڭ ئاغزى ئوچۇق قويۇلىدۇ . سۈيى
ھەر كۈنى كەچتە بىر قېتىم ، ئەتىگەندە بىر قېتىم ئالماشـ
تۇرۇلىدۇ . ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇرۇق ئەلگەك ياكى
غەلۋىر بىلەن سۈزۈۋېلىنىپ ، ئۇرۇقنىڭ بەش ھەسسىسىگە
باراۋەر ھۆل قۇمغا تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ . قۇم بەك
ھۆل بولۇپ قالسا ئۇرۇق سېسىپ كېتىدۇ . بەك قۇرۇق
بولۇپ قالسا ئاسان بىخلانمايدۇ . شۇڭا ، قۇمنىڭ نەملىكى
قول بىلەن سىققاندا كاللەكلىشىپ قالمىغۇدەك ، يەرگە
تاشلىغاندا چېچىلغۇدەك ھالەتتە بولۇشى كېرەك . قۇمغا
ئارىلاشتۇرۇلغان ئۇرۇق كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان
جايغا 40 — 50 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئورەك قېـ
زىپ ، تېگىگە يەنە 10 سانتىمېتىر نەم قۇم يېيىتقاندىن
كېيىن ، شۇ ئورەككە تۆكۈلىدۇ ، ئۈستىگە يەنە 10 سانتىـ
مېتىر قېلىنلىقتا نەم قۇم ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە نەم توپا
تىندۇرۇلىدۇ . بۇ ئۇسۇلدا ئۇرۇق 25 — 30 كۈندە
60 — 70% بىخلىنىپ بولىدۇ . بۇ چاغدا ئۇرۇق غەلۋىر
بىلەن يېنىك تاسقاپ قۇمدىن ئاجرىتىلىپ تېرىشقا تەييارلىـ
نىدۇ . پارنىكقا تېرىلىدىغان ئۇرۇق 3 ـ ئايدا تېرىلغانلىقـ
تىن ، 2 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا بىخلاندۇرۇشقا تەييارلىق
قىلىنىدۇ . بۇ چاغدا ھاۋا سوغۇق ، توڭ ئېرىمىگەن بولغاچـ
قا ، ئۇرۇقنى سىرتتا بىخلاندۇرۇش قىيىن بولىدۇ . شۇـ
نىڭ ئۈچۈن ، ئۇرۇقنى ھۆل قۇمغا ئارىلاشتۇرۇپ ، مەش

قويغان ئىسسىق ئۆيدە قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان ئۇرۇقنى بىر يەرگە دۆۋىلەپ ئۈستىگە نەم توپا تۆكۈپ، كىگىز، ئەديال قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن يېپىپ قويۇش لازىم. ئۆينىڭ ئىچىگە كۈن نۇرى چۈشمەسلىكى، ئۆينىڭ مۇقىم تېمپېراتۇرىسى 15 — 18℃ بولۇشى كېرەك. ئۇرۇق بىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 مىللىمېتىردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ئۇرۇق 70% بىخلانغاندا يەرگە تېرىلىشى لازىم.

## 3. ئانار ئۇرۇقىنى پارنىكقا تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش

پارنىكنىڭ تەننەرخى يۇقىرى، كۆلىمى چەكلىك بولغاچقا، كۆپىنچە زىچ تېرىشقا توغرا كېلىدۇ. قانداق ئۇسۇلدا تېرىش كېرەكلىكىنى جايلار ئۆز ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىسە بولىدۇ. پارنىكقا ئانار ئۇرۇقى تېرىش 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. پارنىك ئىچىنى مەش، پار بىلەن ئىسسىتالايدىغان، پارنىك ئۈستىنى برېزېنت، كىگىز قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن يېپىش شارائىتى بولغان جايلار 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئۇرۇق تېرىسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق: بۇنىڭدا كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدىغان مۇنبەت تۇپراق ياكى يېنىك قۇمساڭغۇ يەر تاللىنىپ، مۇۋاپىق مىقداردا (35 — 40 تاغار) سۈپەتلىك قوي قىغى ياكى توخۇ - كەپتەر مايىقى تۆكۈپ يۇمشاق ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈزلەپ ئۇسا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، پارنىك جازى-

لىرى قۇراشتۇرۇلۇپ ، سۇلياۋ يېپىپ ، پارنىك ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئاشۇرۇلىدۇ . يەرنى يۇمشىتىپ تەكشى تۈزلەپ ، قىر سېلىپ تەييارلىغاندىن كېيىن ، 1 — 1.5 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ، قۇر ئارىلىقىنى 25 سانتىمېتىر قىلىپ تۈز سىزىق بويىچە تاپ ئېچىپ ، بىخلاندۇرۇلغان ئانار ئۇرۇقى تاپ ئىچىگە قويۇق تېرىلىدۇ . ئۇرۇقنىڭ كۆمۈلۈش قېلىنلىقى 1.5 سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتمەس-لىكى ، ئۈستى تارماقنىڭ كەينى بىلەن تەكشى تۈزلىنىپ ، يېنىك دەسسەپ چىڭدىلىشى كېرەك . بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق 1 مو كۆلەمدىكى پارنىك ئىچىدە 40 — 50 مىڭ تۈپ كۆچەت يېتىشتۈرگىلى ، كۆچەت ئېگىزلىكىنى يىل ئاخى-رىغىچە 30 — 40 سانتىمېتىرغا يەتكۈزگىلى ، كېيىنكى يىلى ئۇنى ئاق يەرگە كۆچۈرۈپ كۆچەتلىك بەرپا قىلغىلى ياكى ئېھتىياجلىق ئورۇنلارغا سېتىپ 4 — 5 مىڭ يۈەن كىرىم قىلغىلى بولىدۇ . ئەگەر مايسا يېتىشتۈرۈش مەق-سەت قىلىنماي ، رەسمىي كۆچەت يېتىشتۈرۈش مەقسەت قىلىنسا ، تېرىغاندا قۇر ئارىلىقىنى 40 سانتىمېتىر ، تۈپ ئارىلىقىنى 8 سانتىمېتىر قىلىپ ، مۇۋاپىق قويۇق تېرىپ ، ئارتۇق مايسىلارنى 5 - ئايدا تۈپرىقى بىلەن قومۇرۇپ ئاق يەرگە كۆچۈرۈش لازىم . يىل ئاخىرىغىچە ئورنىدا قالغان كۆچەتلەرنىڭ ئېگىزلىكى 60 — 80 سانتىمېتىرغا ، قوز-غاپ ئاق يەرگە كۆچۈرۈلگەن كۆچەتلەرنىڭ ئېگىزلىكى 50 — 60 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ .

## 4 . پارنىك ئىچىدىكى كۆچەتلەرنى پەرۋىش قىلىش

بىخلاندۇرۇلغان ئانار ئۇرۇقى پارنىكقا تېرىلغاندىن كېيىن ، كۆپ قىسمى 20 — 30 كۈنگىچە ئۈنۈپ چىقىدۇ . ئەگەر ئۇرۇق ئۈنۈپ چىقىپ مايسا بولغان مەزگىللەردە ، هاۋا تېمپېراتۇرىسى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ ئۇششۇك پەيدا بولۇپ ، پارنىك ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 0 ℃ تىن چۈشۈپ كەتسە ، دەرهال پارنىك ئۈستىنى مەهكەم يېپىپ ، كۆچەتلەرنى ئۇششۇكتىن ساقلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك . كۆچەتلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4 — 5 سانتىمېتىردىن ، پارنىك ئىچىنىڭ مۇقىم تېمپېراتۇرىسى 25 ℃ تىن ئاشقاندا ، تۈپ ، قۇر ئارىلىقىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ مايسا قالدۇرۇش كېرەك . تۇپراقنىڭ نەملىكى نورمال بولۇش ، كۆچەتلەرنى بەك ئالدىراپ سۇغارماسلىق ، بولۇپمۇ لاي ، سېغىز سۇ بىلەن باسۇرۇپ سۇغىرىشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم ، پارنىكنىڭ نەملىكى ئۇدا 10 كۈنگىچە ئېشىپ كەتسە ، تۇپراقتا زەمبۇرۇغ پەيدا بولۇپ ، تۇپراق ئۈستى كۆكىرىپ قالىدۇ . نەتىجىدە كۆچەتلەردە سېرىق دات كېسىلى ، يىلتىز چىرىش كېسىلى پەيدا بولىدۇ . شۇڭا ، پارنىكنىڭ نەملىكى ئېشىپ كەتكەن هامان ، پارنىكنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى سۇلياۋنى هەر كۈنى كەچتە ئېچىۋېتىپ هاۋا ئالماشتۇرۇپ ، تۇپراق نەملىكى تۆۋەنلىگەندىن كېيىن قايتا يېپىش كېرەك . كۆچەتلەرنىڭ ئېگىزلىكى 5 — 8 سانتىمېتىر بولغاندا ، بىر تەرەپتىن ئوتۇغۇچ

بىلەن كۆچەتلەرنىڭ تۇۋىنى يۇمشىتىپ ئوت - چۆپلەرنى ئوتاش ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەھۋالغا قاراپ دورا چېچىپ ، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش كې- رەك . كۆچەتلەرنىڭ ئېگىزلىكى 15 — 20 سانتىمېترغا يەتكەندە سۆڭەك پاراشوكى ، قارا ئوغۇت ، كۇنجۇرە قاتار- لىقلارنى مۇۋاپىق نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ ، ئاز - ئازدىن (كېيىنكى مەزگىلدە ئوغۇتنىڭ مىقدارىنى تەدرىجىي كۆ- پەيتىش كېرەك ) قوشۇمچە ئوغۇتلاش ، 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە ئۈچ قېتىم ئوغۇتلاش ، 5 - ئايدىن 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنلىرىگىچە 7 — 8 قېتىم سۇغىرىش ، 5 - ئايىدىن 7 - ئايىغىچە 3 — 4 قېتىم دورا چېچىش ، 5 — 6 قېتىم تۇۋىنى يۇمشىتىپ ھاۋا ئالمىشىشنى ئىلگىرى سۇ- رۇش ، تۇپراقنىڭ ئىسسىقلىقىنى ۋە نورمال قۇرغاقلىقىنى ساقلاش كېرەك . ئۆسۈۋاتقان مەزگىلدە يوپۇرماقتىن ئو- غۇتلاش ۋە يوپۇرماق گۆھىرىنى چېچىپ كۆچەتلەرنىڭ ئۆ- سۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك . پارنىك تېمپېراتۇ- رىسىنى تەدرىجىي ئۆرلىتىپ ، ئاخىرقى مەزگىلدە 36 — 38℃ تا تىزگىنلەپ ، پارنىك تېمپېراتۇرىسى سىرتقى مۇھىتنىڭ تېمپېراتۇرىسى بىلەن ماسلاشقاندىن كېيىن ، كەچ تەرەپلەردە پارنىك ئۈستىدىكى سۇلياۋلارنى تەدرىجىي ئېلىۋېتىش كېرەك .

### 5 . ئانار ئۇرۇقىنى ئوچۇقچىلىقتا تېرىپ كۆ- چەت يېتىشتۈرۈش

ئوچۇقچىلىقتا ئانار كۆچىتى يېتىشتۈرۈشتىمۇ ئوخ-

شاشلا بىخلاندۇرۇلغان ئۇرۇق تېرىلىدۇ ، ئالدى بىلەن تۇپرىقى ياخشى ، سۈيى راۋان ، سۇغىرىش قولايلىق ، كۈن نۇرى تەكشى چۈشىدىغان ، يانتۇلۇق پەرقى تۆۋەن ، قۇم-ساڭغۇ يەرلەر كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە تەييارلىنىدۇ . ھەر مو يەرگە 50 — 60 تاغار سۈپەتلىك ئورگانىك ئوغۇت تۆكۈپ ، چوڭقۇر ، يۇمشاق ئاغدۇرۇپ تەكشى تۈزلىگەندىن كېيىن ، سۇغىرىپ ئوسا قىلىنىدۇ ، ئاندىن ئوسا قىلىنغان يەر يۇمشاق ئاغدۇرۇپ تۈزلىنىپ ، 1.10 مېتىر كەڭلىكتە چۆنەك ئېچىپ ، چۆنەكنىڭ ئۈستى چىڭدالغاندىن كېيىن كەڭ ئەنلىك سۇلياۋ يوپۇق يېپىلىدۇ . بىر چۆنەككە ئۈچ قۇر ، قۇر ئارىلىقى 30 — 35 سانتىمېتىر قىلىپ ئۈچ قوش تاپ ئېلىنىدۇ . ئۈچ قوش تاپتىن كېيىن 60 سانتى-مېتىر كەڭلىكتە بىر يەككە تاپ پىلانلاپ ، مەخسۇس تەييار-لانغان سايمان بىلەن ھەر 7 — 8 سانتىمېتىر ئارىلىقتا بىر تۆشۈك ئېچىلىدۇ ،ئاندىن ھەربىر تۆشۈككە 5 — 6 تالدىن بىخلاندۇرۇلغان ئۇرۇق سېلىنىپ ، ئۈستى ھۆل توپا بىلەن چىڭدىلىدۇ (ئۇرۇق 2 سانتىمېتىرقې-لىنلىقتاكۆمۈلىدۇ ) . بۇ ئۇسۇلدا تېرىلغان ئۇرۇق بىر ئاي ئىچىدە ئاساسي جەھەتتىن ئۈنۈپ چىقىپ بولىدۇ . ئۇرۇق ئۈنۈپ 5 — 6 سانتىمېتىر بولغاندا دەرھال تاقلاپ ، بىرىن-چى قېتىم ھەربىر تۆشۈكتە 2 — 3 تال ، ئىككىنچى قېتىم 1 — 2 تالدىن كۆچەت قالدۇرۇلسا بولىدۇ . بىرىنچى قېتىم مايسا تاقلاشتىن بۇرۇن ، مۇۋاپىق نىسبەتتە تەڭشەل-گەن DDV قاتارلىق دورىلارنى چېچىپ ، زىيانداش ھاشا-راتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈلىدۇ . كېيىنكى قېتىمدا ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئۈنۈمى ياخشى بولغان دورىلارنى بىرقانچە

قېتىم چېچىش كېرەك . كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ، 3 — 4 قېتىم ئاز - ئازدىن سۆڭەك پاراشوكى ، توخۇ - كەپتەر مايىقى ، قوي قىغى ، گەندە ، قارا ئوغۇت ، ئاق ئوغۇت قاتارلىقلار مۇۋاپىق نىسبەتتە تەڭشەپ قوشۇمچە ئوغۇتلىنىدۇ (ئاق ئوغۇت ئازوتلۇق ئوغۇت بولۇپ ، بەك كۆپ ئىشلىتىلسە يۇمران مايسىلارنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ ھەم كۆچەتلەر ئاسان يېتىۋالىدىغان بولۇپ قالىدۇ ) .ئادەتتە ئاق ئوغۇت بىلەن توخۇ-كەپتەر مايىقىنى كۆچەتلەرنىڭ مايسا مەزگىلىدەكۆپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ .

ئوچۇقچىلىققا ئۇرۇقتىن تېرىلغان ئانار كۆچەتلىرى 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە 6 — 7 قېتىم سۇغىرىلسا ، 5 — 6 قېتىم چاناپ تۇۋى يۇمشىتىلسا ، 1 — 2 قېتىم ياندىن چىققان شاخلىرى پۇتاپ ئېلىۋېتىلسە ، 1 — 2 قېتىم يوپۇرماق گۆھىرى چېچىلسا ، كۆچەتلەرنىڭ پەرۋىش قىلىنىشى ئاساسىي جەھەتتىن تەلەپكە يەتكەن بولىدۇ . بۇ ئۇسۇل بىلەن تېرىپ پەرۋىش قىلىنغان ئانار كۆچەتلىرىنىڭ ئېگىزلىكىنى يىل ئاخىرىغىچە 70 — 80 سانتىمېتىرغا ، ئىككىنچى يىلى 1.20 — 1.50 مېتىرغا يەتكۈزگىلى بولىدۇ .

## 6 . شاپتۇلنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش

### 1 . شاپتۇلنىڭ ئەلا سورتلىرىنى تاللاش

شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلۈۋاتقان يەرلىك شاپتۇللارنىڭ

سورتلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ ، دانىسى بىرقەدەر چوڭ ، سۈپىتى ياخشى ، تەمى تاتلىق ، ئىقتىسادىي قىممىتى بىرقە- دەر يۇقىرى ، ھەم ھۆل ئىستېمال قىلىشقا ۋە پىششىقلاپ ئىشلەشكە ، ھەم قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىشقا بولىدىغان ئەلا سورتلاردىن كۆك چىلگە شاپتۇل (كۆك تەكە) ، مياڭ- سال شاپتۇل ، چوڭ سېرىق شاپتۇل ، توغاچ شاپتۇل ، ئۈزۈن تۇمشۇق ئاق شاپتۇل ، كۆك يارما شاپتۇل ، تاتلىق مېغىزلىق شاپتۇل ، چوڭ ئەششاپتۇل قاتارلىقلار بار . بۇ- لارنىڭ سورتى ئەلا ، سۈپىتى ياخشى ، دانىسى چوڭ بولۇپ ، مېۋىسىنىڭ ئېغىرلىقى 80 — 200 گرام كېلىدۇ . بۇ سورتلارنى ھەممىلا يەردە كېڭەيتىشكە بولىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، ھەرقايىسى رايونلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەلا سورتلۇق شاپتۇللىرىدىن تۆۋەندىكى سورتلار بار .

1 ) چىلگە سورتلار . كورلا ئاق شاپتۇلى ، گۇما چىلگە شاپتۇلى ، كۇچار ئاق چىلگە شاپتۇلى ، توقسۇ چوڭ ئاق چىلگە شاپتۇلى ، قەشقەر كونىشەھەر ئاق چىلگە شاپتۇلى ، سۇرخەك شاپتۇل ، كۆك شاپتۇل ، توغاچ شاپتۇل قاتارلىق- لار بار .

2 ) ئارا ۋە جاغدا سورتلار . جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايىسى جايلىرىدىن چىقىدىغان چوڭ ئاق شاپتۇل ، توغاچ شاپتۇل ، سېرىق شاپتۇل ، قىزىل ئەششاپتۇل ، كۆك يارما شاپتۇل ، ئاق يارما شاپتۇل ، تاتلىق مېغىزلىق شاپتۇل قاتارلىقلار بار .

3 ) ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈلگەن سورتلار . شاڭخەي شۈيمى شاپتۇلى ، يۇلۇ شۈيمى شاپتۇلى ، گاڭشەن-

بەي شاپتۇلى ، چۇنلى (باھار غۇنچىسى ) ، شىنۇك (غەر-بىي شىمال سورتى ) ، زاۋشىگيۇي ، بۇمۇ زاۋشىك ( ياپونى-يە سورتى ) ، شازىزاۋشىك (ياپونىيە سورتى ) ، ئاق سۇمىرۇغ ( ياپونىيە سورتى ) ، داجىيۇباۋ (ياپونىيە سورتى ) ، بەيخۇك (بېيجىك سورتى ) ، شاڭخەي شاپتۇلى ، ساخۇاخۇك (ئەنجۇر شاپتۇل ) ، لەنجۇ چىشۇي شاپتۇلى ، شىنجۇ قىزىل شاپتۇلى ، سەنشىنىك كۆزلۈك شاپتۇلى ، لېنزى سۆسۇن شاپتۇلى ، ۋۇگۇك سېرىق ئەتلىك شاپتۇ-لى ، لىڭۇ سېرىق شاپتۇلى ، تيەنشۇي شاپتۇلى قاتارلىقلار ۋە يېڭىدىن تاللاپ يېتىشتۈرۈلگەن سورتلاردىن چىڭفېڭ ، جىڭخۇك ، مەيشياك ، جىڭيۇ ، خۇاڭلو ، لوشياك ، يۈەن-چۈەنبەي ، لوخۇا — 9 قاتارلىقلار بار .

يۇقىرىقى ئۈچ خىل تۈردىكى شاپتۇللاردىن سورتى ئالاھىدە ياخشى ، دانىسى چوڭ ، ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ ، رەڭگى چىرايلىق ، تەمى تاتلىق ، ئېتى ئاسان ئاج-رايدىغان ، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى ، ماسلىشىشچانلى-قى كۈچلۈك بولغان سورتلارنى تاللاپ كېڭەيتىشكە بولى-دۇ . لېكىن ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلتۈرۈلگەن سورت-لارنى كېڭەيتىشكە توغرا كەلسە ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك شاپ-تۇل سورتلىرىنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ يېتىشتۈرگەن 1 — 2 يىللىق كۆچەتلەرگە ئۇلارنىڭ نوتىلىرىدىن بىخ ئېلىپ ئۇلاپ كۆپەيتسە بولىدۇ .

## 2 . ئۇرۇق يىغىش

يەرلىك شاپتۇلنىڭ ئەلا سورتلۇق كۆچەتلىرىنى يې-

ـﺌﺸﺘﯘرۇش ئۇچۇن ، ئۇرۇق تېرىش ، ئۇلاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ . ئۇرۇق تېرىش ئۇچۇن ، ئەلا سورتلۇق شاپ- تۇل مېۋىسىنىڭ ئۇرۇقىنى ئالدىن يىغىپ تەييارلاش كې- رەك . شاپتۇلنىڭ مېۋىسى تولۇق پىشقاندىن كېيىن ، ئۇنى ئىشلەر هۆل پېتى ئىستېمال قىلىدۇ ، قاق يېيىشقىمۇ بولىدۇ . بۇ چاغدا ئۇرۇق يىغىشقا شارائىت هازىرلىنىدۇ . شاپتۇل پىشىپ ئاخىرلاشقۇچە بولغان ئارىلىقتا ، تېرىشقا كېتەرلىك ئۇرۇقلارنى تولۇق يىغىۋېلىپ ، پاكىز ئادالاپ قۇرۇتۇپ ساقلاش كېرەك .

### 3 . ئۇرۇقنى بىخلاندۇرۇش

ئۇرۇقنى بىخلاندۇرۇش ۋاقتىدا ، تەييارلانغان ئۇرۇق- لارنى تەكشۈرۈپ ، پۇچەك ، زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىغان ئۇرۇقلارنى شاللاپ چىقىرىۋېتىپ ، ساپ ئۇرۇقنى 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ بىخلاندۇرۇش تەييارلىقىنى ئىشلەش كېرەك . شاپتۇل ئۇرۇقىنى شۇ پېتى 9 - ، 10 - ئايلاردا ئاق يەرگە تېرىپ ، توڭ چۈشكۈچە ئۈچ قېتىم سۇغارسا ، ئەتىيازدا زايا بولماي ئۈنۈپ چىقىدۇ . ئەگەر ئۇرۇق تېرىيدىغان يەر مۇقىملاشمىغان بولسا ، قىشتا بىخ- لاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، ئەتىيازدا تېرىسىمۇ بو- لىدۇ . ئۇرۇقنى بىخلاندۇرۇشتا ، ئالدى بىلەن 80 — 90 C لۇق ئىسسىق سۇغا 8 — 10 كۈن چىلاپ ، سۇدىن سۈزۈۋېلىپ ، ئۇرۇقنىڭ 4 — 5 ھەسسىسىگە بارا- ۋەر نەم قۇمغا ئارىلاشتۇرۇپ ، ئورەككە تۆكۈپ ، ئۈستى

15 — 20 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ھۆل توپا بىلەن كۆمۈلىدۇ. 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئۇرۇق ئېچىلىپ، نەم قۇمغا ئارىلاشتۇرۇپ، مەش قويغان ئۆيگە ياكى پارنىك ئىچىگە دۆۋىلەپ ئۈستى نەم چىپتا، كىگىز قاتارلىقلار بىلەن باسۇرۇپ قويۇلىدۇ. تېمپېراتۇرا پەيدىنپەي 30 — 35℃ قا يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇرۇق كۈندە بىر قېتىم ئاغدۇرۇپ تۇرۇلىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا ئۇرۇقلار 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 40—50% بىخلىنىدۇ. ئەگەر ئەتىياز پەسلىدە تېرىش ۋاقتى قىسىلىپ قالسا، بىر تەرەپ قىلىنىدىغان قۇرۇق ئۇچكىنى قول بىلەن چېقىپ مېغىزىنى ئاجرىتىۋېلىپ، ئىلمان سۇغا 5 — 6 سائەت چىلىغاندىن كېيىن، نەم قۇم ئارىلاشتۇرۇپ، تېمپېراتۇرىسى 25 — 30℃ لۇق جايغا قويسا، 8 — 10 كۈندە بىخلىنىدۇ.

## 4. ئۇرۇق تېرىش

شىنجاڭنىڭ يەرلىك شاپتۇل سورتلىرىنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرگەندە، بۇ كۆچەتلەر ئەسلىدىكى ئانا تۇپلەرنىڭ ئىرسىيەتلىك ئالاھىدىلىكى (سورت، سۈپەت)نى ئۇزاق يىللارغىچە ساقلاپ قالالايدۇ. چۈنكى، باشقا مېۋىلىك دەرەخلەرگە قارىغاندا شاپتۇل دەرىخىنىڭ ئىرسىيەتچانلىقى تۇراقلىق، سورتلارنىڭ چېكىنىشى تۆۋەن بولۇپ، دەرەخ تۇپلىرى ياخشى پەرۋىش قىلىنسا، مەھسۇلاتنى يىلمۇيىل ئۆستۈرگىلى، ئەسلىي سورتنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. ئەگەر ياخشى پەرۋىش قىلىنمىسا، مېۋە-

سى كىچىكلەپ ، يېلىم پەيدا بولۇپ ، سۇيىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ . بۇ ئىرسىيەتلىك ئۆزگىرىش بولماستىن ، پەر-ۋىش قىلىپ باشقۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

شاپتۇل ئۇرۇقىنى قۇمساڭ ئەت تۇپراق ياكى يەر ئاستى سۈيى تۆۋەن ، سۈيى يىغىلىپ قالمايدىغان مۇنبەت يەرلەرگە تېرىش كېرەك . ئۇرۇق تېرىلىدىغان يەرگە كۆن نۇرى تەكشى چۈشۈشى ، يەر 4 — 5 مىڭ كىلوگرام ئوغۇت تۆكۈلگەندىن كېيىن چوڭقۇر ئاغدۇرۇلۇپ ، تەكشى تۈزلى-نىشى ، ئۇرۇق بىخلاندۇرۇپ تەييارلانغاندىن كېيىن ، ئەتى-يازدا ( 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنلىرىدىن 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنلىرىگىچە ) ئوسىغا تېرىلىشى كېرەك . تېرىش چوڭقۇرلۇقى 4 — 6 سانتىمېتىر ، تۈپ ئارىلىقى 8 — 10 سانتىمېتىر ، قۇر ئارىلىقى 50 سانتىمېتىر بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ . ئادەتتە 1 مو يەرگە ساپ ئۇرۇقتىن 40 — 45 كىلوگرام سېلىنسا بولىدۇ .

## 5 . كۆچەتلەرنى پەرۋىش قىلىش

مايسا ئۈنۈپ ئالدى - كەينى تەڭشەلگەندىن كېيىن ، ئوتىغۇچ بىلەن ئوتاپ ، ئوت - چۆپلەرنى ئېلىۋېتىش ، مايـ-سىلارنى قۇرت كېسىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە يېنىك سۇ-غىرىپ بولغاندىن كېيىن دورا چېچىپ يوقىتىش تەدبىرلى-رىنى قوللىنىش لازىم . كۆچەتلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مايسا ۋاقتىدا كۆپ سۇغارماسلىق كېرەك . ئەگەر تۇپراق-نىڭ نەملىكى زىيادە كۆپ بولسا ،كۆچەتلەرنىڭ يوپۇرماق-

لىرى قورۇلۇپ قالىدۇ ،ھەتتا ئاق تۇزان كېسىلىگە ئاسانلا ئۇچراپ كېتىدۇ .كۆچەتلەرنى ھەر قېتىم سۇغارغاندا ،4 — 5 كۈن ئۆتكەندىن كېيىنلا دەرھال چاناپ تۇۋىنى يۇمشىتىپ ، ھاۋا ئالمىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم . كۆچەتنىڭ ئېگىزلىكى 20 سانتىمېتىردىن ئاشقاندا ئاز - ئازدىن ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاپ دەرھال يېنىك سۇغىرىش ، 7 - ئايلاردا بىر قېتىم ، 8 - ئايلاردا بىر قېتىم فوسفورلۇق ، كالىيلىق ئوغۇتلارنى ياخشى چىرىگەن قوي قىغى ، توخۇ - كەپتەر مايىقى قاتارلىق ئوغۇتلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قوشۇمچە ئوغۇتلاش ، خىمىيىلىك ئوغۇتلارنىڭ مىقدارى ئىككىنچى ، ئۈچىنچى قېتىمدا 12 — 15 كىلوگرام ئەتراپىدا بولۇش ، ئوغۇتنى كۆچەتكە 15 سانتىمېتىر يىراقلىقتىن تاپ ئېچىپ بېرىش لازىم . كۆچەتلەر مايسا مەزگىلىدە كېسەللىك ، ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا كۆپ ئۇچرايدۇ . بۇ ۋاقىتتا روگور قاتارلىق دورىلارنى مۇۋاپىق نىسبەتتە تەڭشەپ چېچىش لازىم . قىش كىرىشتىن ئىلگىرى قىشلىق پەرۋىشنى كۈچەيتىپ ، كۆچەتلەرنىڭ ئۈششۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، ئەڭ ياخشىسى توپا بىلەن كۆمۈپ قىشتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك .

ئەلا سورتلۇق شاپتۇل دەرەخلىرىنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرگەندىن باشقا ، ئادەتتىكى سورتلارنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈپ ، ئۇنىڭغا ھەر خىل ئەلا سورتلارنى ئۇلاپ سورت ياخشىلاشقىمۇ بولىدۇ .

# Ⅱ باب قەلەمچە تىكىش ئارقىلىق كۆچەت يېتىشتۈرۈش

قەلەمچە تىكىش ئارقىلىق كۆچەت يېتىشتۈرۈش جىنسسىز كۆپەيتىش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئۇسۇل شىنجاڭدا 60 - يىللاردىن كېيىن كېڭەيتىلگەن. ئۇزاق يىللىق ئىلمىي تەتقىقات، پەن - تېخنىكا ئىسلاھاتى، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش روھى ۋە تېخنىكا كېڭەيتىش مەشغۇلاتلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە، بۇ ئۇسۇل بىلەن كۆچەت يېتىشتۈرۈش تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ۋە زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە.

بۇ ئۇسۇلنىڭ مەشغۇلاتى ئاددىي، قوللىنىلىشى ئاسان، سەرپىياتى تۆۋەن، ئۈنۈمى يۇقىرى، كۆچەت يېتىشتۈرۈش ۋاقتى قىسقا، قوللىنىلىدىغان دەرەخ تۈرى كۆپ بولۇپ، ئەلا سورتلۇق مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە ھەم ئاساسلىق، ھەم ئىلغار ئۇسۇل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەتلەر ئانا تۈپلەرنىڭ ئەسلىدىكى خۇسۇسىيىتىنى (سورت ۋە سۈپىتىنى) ساقلاپ قالالايدۇ. شۇنداقلا كۆچەتلەرنى تېز ۋە سۈپەتلىك ئۆستۈرۈپ، مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىشقا ئېھتىياجلىق سورتلۇق كۆچەتلەرنىڭ مەنبەسىنى كېڭەيتكىلى

بولىدۇ . بۇ ئۇسۇل بىلەن چىلان ، ئانار ، ئەنجۇر ، ئۈزۈم ، قىزىلگۈل ، ئاق جىگدە ، بېھى قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلىرىنى تېز يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ .

## 1 . چىلان نوتىسىنى قەلەمچە قىلىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش

سورتلۇق چىلان كۆچىتى ئۇرۇق (مېغىز ) تېرىپ يېتىشتۈرۈلگەندىن باشقا ، نوتىسىنى قەلەمچە قىلىش ، يىلـ. تىزىنى قەلەمچە قىلىش ، ئۇلاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلىدۇ .

### 1 . نوتا يىغىش ۋە قەلەمچە كېسىپ تىكىش

ئەلا سورتلاردىن كېسەللىك ، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمىغان ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلگەن 1 — 2 يىللىق ياغاچلاشقان شاخلار ۋە شۇ يىلى ئۆسۈپ يېتىلگەن يېرىم ياغاچلاشقان يۇمران نوتىلار يىغىپ تەييارلىنىدۇ . قەلەمچە تىكىش قاتتىق شاخنى قەلەمچە قىلىش ، يۇمران نوتىنى قەلەمچە قىلىش ، يىلتىزىنى قەلەمچە قىلىش دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ . قەلەمچە تىكىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن ، يىغىپ تەييارلىنىدىغان نوتىلارنىڭ خۇـ. سۇسىيەتلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ .

1 ) ياغاچلاشقان شاخنى قەلەمچە قىلىش . چىلان دەرىـ. خى بىخلىنىشتىن ئىلگىرى 1 — 2 يىللىق ياغاچلاشقان

ساغلام شاخلارنى تاللاپ ، 15 — 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ، ئۇستىنى تۈز ، ئاستىنى قىيپاش كېسىپ ، ھەر 50 تال قەلەمچە بىر باغلام قىلىپ باغلىنىدۇ . يىلتىز چىقىرىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن ، قەلەمچىنىڭ تۆۋەن تەرىپىنى 100ppm لىق ئىندولېبوتىك كىسلاتاسى ياكى 100ppm لىق ABT يىلتىز تارتقۇزۇش ئۇنتوقىغا (1 گرام دورىغا 10 كىلوگرام سۇ قوشۇلىدۇ ) 10 سائەت چىلاپ سۇزۇۋالغاندىن كېيىن ، توك بىلەن ئىسسىتىش چۆنەكىدە قەلەمچىنىڭ 2/3 قىسمى قۇمغا كۆمۈلۈپ ، چۆنەكنىڭ تېمپېراتۇرىسى 25 — 30 C تا كونترول قىلىنىدۇ . قۇمنىڭ نەملىكى 50% ئەتراپىدا بولىدۇ . 20 — 30 كۈندىن كېيىن ، قەلەمچىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى كېسىلگەن جايىدىن توقۇلمىلار ئۆسۈپ چىقىدۇ . بۇ چاغدا ئۇنى ئېتىزغا ئېلىپ چىقىپ ، يەر ئۇستىدە بىر تال بىخ قالدۇرۇپ تىكسە ۋە ۋاقتىدا سۇغارسا ، بىر ئايدىن كېيىن بىخ سۈرۈپ چىقىدۇ .

2 ) يۇمران نوتىنى قەلەمچە قىلىش . 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە يۇمران نوتىنى قەلەمچە قىلىپ تىكسە كۆكلەش ئۇنۇمى ياخشى بولىدۇ . بۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە : شۇ يىلى ئۆسۈپ چىقىپ يېرىم ياغاچلاشقان يۇمران چىلان نوتىسى تاللاپ كېسىۋېلىنىپ ، 15 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۈچىدىن بىر تال يوپۇرماق قالدۇرۇپ توغراپ ، ھەر 50 تېلى بىر باغلام قىلىپ تەييارلىنىدۇ . تۆۋەن تەرىپى 2 — 3 سانتىمېتىرغىچە 200PPm لىق ABT يىلتىز تارتقۇزۇش ئۇنتوقىغا ئىككى سائەت (50PPm لىق

بولسا 8 سائەت ) چىلاپ ، ئۈستىدىن سايە چۈشۈرۈپ تەييار-لانغان قۇمسىمان يەرگە (1 كۋادرات مېتىر يەرگە 320 — 350 تال ) سانجىپ تىكىلىدۇ . پارنىك تېمپېراتۇرىسى 25 — 30°C ، پارنىكنىڭ نەملىكى 90% ئەتراپىدا بولىدۇ . مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا ، كېسىلگەن ئورۇن 30 كۈندە پۈتۈپ ، توقۇلما يىلتىزلار ئۆسۈپ چىقىدۇ . بۇ ئۇسۇل بىلەن كۆچەت يېتىشتۈرۈش ، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يوپۇرماقلىق يۇم-ران نوتا بىلەن ئېلىپ بېرىلغاچقا ، نەملىكنىڭ پارغا ئايلى-نىشى ۋە يەرگە سىڭىپ كېتىشى تېز بولىدۇ . شۇڭا ، ھەر 1 سائەتتە بىر قېتىم دورا چېچىش ماشىنىسىدا تۇمانلىتىپ سۇ پۈركۈپ تۇرۇش لازىم . يىلتىز چىقارغاندىن كېيىن ، ئىككى سائەتتە بىر قېتىم سۇ پۈركۈسىمۇ بولىدۇ . شۇنىڭ-غا دىققەت قىلىش لازىمكى ، قەلەمچە قىلىنىدىغان نوتىلار-نى ھاۋا سۈرۈن ۋاقىتلاردا ، ئەتىگەن - كەچلەردە ئېلىش ۋە قەلەمچە قىلىش كېرەك . كۆچەتلەرنى ئېتىزلارغا كۆچۈرۈپ تىككەندە ، ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرى كەچ تەرەپ-لەردە كۆچۈرۈپ ، ۋاقتىدا ئاز سۇ باشلاپ تەكشى سۇ-غىرىش كېرەك .

3 ) يىلتىزنى قەلەمچە قىلىش . چىلاننىڭ يىلتىزنى قەلەمچە قىلىشتا ، ئەسلىدە ئەلا سورتلۇق چىلاننىڭ ئۇرۇ-قىدىن تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن سەككىز يىللىقتىن يۇقىرى ئۆسۈش تارىخىغا ئىگە ئانا تۈپلەر تاللىنىدۇ . ئادەتتىكى يەرلىك سورتلارنى ئۇلاق ئاستى قىلىپ ، ئەلا سورتلارغا ئۇلىغان تۈپلەرنى يىلتىز قەلەمچىسى قىلىشقا تاللىماسلىق

لازىم . يىلتىزنى قەلەمچە قىلىپ تىكىش ئۇسۇلى تۆۋەندى-
كىچە :

ئەتىياز پەسلىدە (3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنلىرىدىن 4 ـ ئاينىڭ 10ـ كۈنلىرىگىچە) ئۇرۇقتىن ئۆسۈپ يېتىلگەن 8 — 10 يىللىقتىن يۇقىرى ئەلا سورتلۇق چىلان دەرەخلىرىنىڭ يىلتىز ئەتراپىنى كولاپ ، دىئامېتىرى 3 — 4 سانتىمېتىردىن يۇقىرى بولغان چاچما يىلتىزلىرىنى ئارىلاپ كېسىۋالغاندىن كېيىن ، 12 — 15 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا توغراپ قەلەمچە قىلىپ ، ھەر 50 تېلى بىر باغلام قىلىنىدۇ . قەلەمچىلەر تىكىلىشتىن ئىلگىرى ھۆل قۇمغا كۆمۈپ ساقلىنىدۇ . 4ـ ئاينىڭ 12 — 15ـ كۈنلىرى ئەتراپىدا ئاق يەرگە تاپ ئېچىپ ، قۇر ئارىلىقى 50 سانتىمېتىر ، تۈپ ئارىلىقى 15 سانتىمېتىر قىلىپ رەتلىك تىكىلگەندىن كېيىن ، كۆمۈپ ئىككى تەرىپى دەسسەپ چىڭدىلىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ئاز سۇ باشلاپ كىچىك ئېرىقلار بويىچە قاندۇرۇپ سۇغىرىلىدۇ . تۇپراقنىڭ نەملىكى نورماللاشقاندىن كېيىن ، ئۈستىگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ ،نەملىكىنى ساقلاپ ، تۇپراق تېمپېراتۇرىسى ئۆرلىتىلىدۇ . 25 — 30 كۈنگىچە پات ـ پات تەكشۈرۈپ تۇرۇپ ، قەلەمچىلەر بىخ سۇرگەندىن كېيىن ، ئۈستىدىكى سۇلياۋنى تېشىپ تۆشۈك ئېچىپ قويۇلىدۇ . يۇمران كۆچەتلەر سىرتقى مۇھىتنىڭ تېمپېراتۇرىسىغا ماسلىشىپ بولغاندىن كېيىن كەچ تەرەپتە سۇلياۋ ئېچىۋېتىلىدۇ . كۆچەتلەر 20 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسكەندىن كېيىن سۇغىرىلىپ ، تو-
ۋى يۇمشىتىلىپ ، ئاز مىقداردا ئازوتلۇق ئوغۇتلار بىلەن

قوشۇمچە ئوغۇتلىنىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا چىلان دەرىخىنىڭ توقۇلمىسىدىن كۆچەت يېتىشتۈرۈشكىمۇ بولىدۇ .

## 2 . پەرۋىش قىلىش

چىلاننى قەلەمچە قىلىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش مەشغۇلاتى بىرقەدەر مۇرەككەپ بولۇپ ، ئۇنىڭ بىخ چىقىرىپ كۆچەت بولۇپ يېتىلىشىگە كۆپرەك ئەجىر سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ . شۇڭا ، ئۇنى ياخشى پەرۋىش قىلىپ باشقۇرۇش لازىم . بۇنىڭ ئۇچۇن :

1 ) سۇغىرىپ بولغاندىن كېيىن تۇۋىنى يۇمشىتىپ ، ئوتنى ئوتاپ ، تۇپراقنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىش ، بىر يىلدا 8 — 10 قېتىم سۇغىرىپ ، 5 — 6 قېتىم تۇۋىنى يۇمشىتىپ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم .

2 ) كۆچەتلەر مايسا مەزگىلىدە 2 — 3 قېتىم دورا چېچىپ ، كېسەللىك ، ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، تۇپراقنى ياخشى دېزىنفېكسىيە قىلىپ ، يەر ئاستى زىيانداش ھاشاراتلىرىنىڭ زىيىنىدىن مۇداپىئە كۆرۈش كېرەك .

3 ) كۆچەتلەرنى بىر يىلدا ئۈچ قېتىم ، ھەر قېتىمدا مۇۋاپىق مىقداردا خىمىيىۋى ئوغۇتلار بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاپ ، كۆچەتلەرنىڭ بويىغا ئۆسۈشىنى ۋە غولىنىڭ ياغاچلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم .

4 ) ئۇششۇك ۋە سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىپ ، كۆچەتلەرنى قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈش لازىم .

## 2 . ئانار نوتىسىنى قەلەمچە قىلىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش

ئانارنىڭ نوتىسىنى قەلەمچە تىكىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش — ئانار دەرىخىنى كۆپەيتىشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى . بۇ ئۇسۇل بىلەن يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەتلەر ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ياخشى پەرۋىش قىلىنسا ، بىر يىللىق كۆچەتنىڭ ئېگىزلىكىنى 1.80 مېتىرغا ، ئىككى يىللىق كۆچەتلەرنىڭ ئېگىزلىكىنى 2.50 مېتىرغا يەتكۈزگىلى ، 1مو يەردىن 7 — 8 مىڭ تۈپ سۈپەتلىك كۆچەت ئالغىلى بولىدۇ .

### 1 . نوتا يىغىش

قەلەمچە تىكىش مەزگىلى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ، قەلەمچە قىلىنىدىغان نوتىلارنى ئالدىن تەييارلاپ قويۇش لازىم . قەلەمچە نوتىسىنى ئېلىشتا ، ئالدى بىلەن قەلەمچە ئالىدىغان ئانا تۈپنى ياخشى تاللاش كېرەك . ئەگەر قەلەمچە نوتىسى غولىنىڭ شەكلى ناچار ، قاتاڭ ، چالىداپ كەتكەن ، كېسەللىك ، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان دەرەخلەردىن ئېلىنسا ، كۆپەيتىلگەن ئەۋلادلار ئانا تۈپلەرنىڭ مۇشۇ خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ . شۇڭا ، قەلەمچە قىلىنىدىغان نوتىلارنى تاتلىق ئانار دەرىخىنى تاللاپ ، مېۋىسى چوڭ ، پوستى نېپىز ، تەمى ياخشى ، بولۇق مېۋە بېرىپ كەلگەن ، غولىنىڭ شەكلى (سۈپىتى )

ياخشى ، كېسەللىك ۋە ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمىغان ساغلام تۇپلەردىن قايچا بىلەن كېسىپ ئېلىش كېرەك . ئۇنىڭدىن باشقا ، قەلەمچە ئارقىلىق ئۆستۈرۈلگەن كۆچەتلەرنىڭ يىلتىز ۋە غولىدىن ئۆسۈپ چىققان 2 — 3 يىللىق نوتىلاردىن ياخشىلىرىنى تاللاپ كېسىۋېلىش لازىم . ئومۇمەن ، تېمەن ، بوغۇم ئارىلىقى قىسقا ، توم ئۆسكەن نوتىلار ۋە قوشۇمچە ئوغۇت بەرگەن ئانا تۇپلەردىن ئۆسۈپ چىققان نوتىلارنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى مول ، ھاياتىي كۈچى كۈچلۈك بولغانلىقتىن ، ئۇنىڭدىن ئېلىنغان نوتىلار قەلەمچە قىلىپ تىكىلسە ، ئاسان كۆكلەيدۇ ۋە تېز ئۆسىدۇ . ئادەتتىكى ئەھۋالدا دەرەخ غولىنىڭ تۆۋەن قىسمىدىن ئۆسۈپ چىققان توم ، بىخ ئارىلىقى قىسقا ، ساغلام ، ئۆسۈپ يېتىلگەن نوتىلارنىڭ ئۆسۈشى بىرقەدەر ياخشى بولىدۇ .

قەلەمچە قىلىنىدىغان نوتىلار كۈزدە ئانارنى كۆمۈشتىن ئىلگىرى (11 - ئاينىڭ 20 - كۈنلىرىدىن كېيىن) ياكى ئەتىيازدا كۆمۈكتىن ئاچقاندىن كېيىن قايچا بىلەن كېسىۋېلىنىدۇ . ئەتىياز پەسلىدە كېسىلگەن نوتىلاردىن تەييارلانغان قەلەمچىلەرنىڭ كۆكلەش نىسبىتى كۈزدە كېسىۋېلىنغانلىرىدىن يۇقىرى بولىدۇ . ئەگەر كۈز پەسلىدە ئانارلىق باغلارغا توڭ ياتقۇزۇپ كۆمۈلگەن بولسا ، نوتىنى ئەتىياز پەسلىدە كېسىۋالسا ، توڭ ياتقۇزۇلمىغان بولسا ، كۈز پەسلىدە كېسىۋالسا ئۈنۈمى ھەقىقەتەن ياخشى بولىدۇ . ئەگەر نوتىلار كۈز پەسلىدە كېسىۋېلىنغان بولسا ، شۇ ھامان توغراپ قەلەمچە قىلماستىن ، پەقەت تىكەن ، ئۇششاق شاخ - يوپۇرماقلىرىنى كېسىۋېتىپ ، ھەر 100 تال نوتى-

نى بىر باغلام قىلىپ ، ئورەككە سېلىپ پاكىز قۇرۇق قۇم بىلەن كۆمگەندىن كېيىن ، سۇ قۇيۇپ توڭلىتىش لازىم . ئەگەر ئەتىياز پەسلىدە ئانارنى كۆمۈكتىن ئاچقاندىن كېيىن نوتا ئېلىنغان بولسا ، ئالدى بىلەن ھۆل توپىغا قېلىن كۆمۈپ ساقلاپ ، قەلەمچە تىكىش مەزگىلى يېتىپ كەلگەندە ئاندىن توغراپ قەلەمچە قىلىش لازىم .

## 2 . نوتىلارنى ساقلاش ۋە قەلەمچە توغراش

كۈز پەسلىدە يىغىپ تەييارلانغان نوتىلار مەخسۇس ئورا كولاپ ساقلىنىدۇ . كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان جايدىن چوڭقۇرلۇقى 1 مېتىر ، كەڭلىكى 1.5 مېتىر قىلىپ ئورا كولىنىدۇ . ئورىنىڭ ئۇزۇنلۇقى قەلەمچىنىڭ ئاز - كۆپلۈ- كىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ . نوتىلارنىڭ ئۇچى قىرقىپ تاش- لىنىپ ، ئۇزۇن - قىسقىلىقى تەكشەلگەندىن كېيىن ، باغ- لىمى بويىچە ئورىغا توغرىسىغا ياتقۇزۇپ تىزىلىدۇ ، ئۈس- تىگە بىر قەۋەت قۇرۇق ياكى نەم قۇم تۆكۈپ نوتا ئارىسى- دىكى بوشلۇق تولدۇرۇلغاندىن كېيىن تەكشى تۈزلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قەۋەت نوتا تىزىلىپ ، قۇم قوشۇپ نوتا ئارىسىدىكى بوشلۇق تولدۇرۇلىدۇ ، ئىككىنچى رەت نوتا ئۈستىدىكى قۇمنىڭ قېلىنلىقى 20 سانتىمېتىر بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ . نوتىلارنىڭ كۆمۈلۈشى ئورىنىڭ ئۈستى- دىن 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا پەس بولۇشى ، قۇم بىلەن كۆمۈلۈپ بولغاندىن كېيىن تەكشى تۈزلەپ چىڭدىلىشى كېرەك . ئورىغا قاتتىق سوغۇق بولغان كۈنلەردە (12 - ئاينىڭ باشلىرىدا ) چىڭقاپ سۇ قۇيۇپ ، توڭ ياتقۇزۇپ ،

12 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئورنىنىڭ ئۈستىگە 20 — 30 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قورۇق توپا تۆكۈپ تەكشى تۈزلەش كېرەك . بۇنداق قىلىش ئەتىياز پەسلىدە توڭ ئېرىش ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈپ ، نوتىلارنىڭ ئورىدا بالدۇر بىخلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق .

ئانار قەلەمچىلىرى ئەتىياز پەسلىدە قانچە ئۇزاق كېچىكتۈرۈپ تىكىلسە ، ئۇنىڭ كۆكلەش ئۈنۈمى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ . شۇڭا ، كۆمۈلگەن نوتىلارنى ئەتىياز پەسلىدە كېچىكتۈرۈپ ئېچىپ (4 ـ ئاينىڭ 5 — 10ـ كۈنلىرى ) توغراپ قەلەمچە قىلغاندىن كېيىن ، كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان (قاراڭغۇ ) يەردە 1 سوتكا سۈزۈك سۇغا چىلاپ ئاندىن تىكسە ، كۆكلەش نىسبىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ . قەلەمچىلەرنىڭ ئورىدا تۇرۇپ بالدۇر بىخلىنىپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى بولسا ، بالدۇرراق قەلەمچە قىلىپ تىكىسمۇ بولىدۇ .

ئانار قەلەمچىسىنى توغراشتا ئانار قەلەمچىسى تىكىلىدىغان يەرنىڭ سۇ ، تۇپراق شارائىتىغا قاراپ تۇغراش كېرەك . تۇپراقنىڭ تېگى مۇنبەت ، سېغىز ئارىلاش بولسا ۋە سۇغىرىش شارائىتى ياخشى بولۇپ ، بىر يىلدا قەلەمچىلەرنى 10 — 12 قېتىم سۇغىرىش مۇمكىن بولسا ھەم قەلەمچە تىكىلگەندىن كېيىن سۇلياۋ يوپۇق يېپىش پىلانلانغان بولسا ، ئۇ ھالدا قەلەمچىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى 10 — 12 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا توغرىسىمۇ بولىدۇ . ئەگەر بۇ خىلدىكى يەرلەرگە قەلەمچە تىكىلگەندىن كېيىن سۇلياۋ يوپۇق يېپىلمايدىغان بولسا ، قەلەمچىنى 15 — 16 سانتىمېتىر

ئۆزۈنلۈقتا توغراش كېرەك .

قەلەمچە تىكىدىغان يەر قۇم تۇپراق ، مەرئا ، مەلۇم شور تەركىبى بار يەرلەر بولسا ، قەلەمچىنىڭ ئۆزۈنلۈقىنى 18 — 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا توغراش كېرەك . قەلەمچىنى توغرىغاندا ئۈچىدىن ساغلام يېتىلگەن بىر تال بىخ (بىرىنچى بىخ ) قالدۇرۇلىدۇ . قەلەمچىلەرنى توغرىغاندا قايچا بىلەن توغراش ، باشقا تۆمۈر ئەسۋابلار بىلەن توغرىماسلىق لازىم .

### 3 . يەر تاللاش ۋە يەر تۈزلەش

ئانار قەلەمچىسى تىكىش ئۈچۈن ، قاتناش شارائىتى ياخشى ، يەر تۈزۈلۈشى تەكشى ، يانتۇلۇق پەرقى تۆۋەن ، سۇ مەنبەسى تولۇق ، سۇيى راۋان ، تۇپرىقى يۇمشاق ، قۇمساق ئەت تۇپراق ياكى مۇنبەت تۇپراق ، كۈن نۇرى تولۇق ۋە تەكشى چۈشىدىغان ، هاۋاسى ياخشى ، قۇرغاق ، سۇ ئورنى تۆۋەن يەرلەر تاللىنىدۇ ھەمدە ھەر مو يەرگە 50 — 60 تاغاردىن (5 — 6 مىڭ كىلوگرام ) ياخشى چىرىگەن سۇپەتلىك قوي قىغى تۆكۈپ ، 24 — 25 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا يۇمشاق ئاغدۇرۇلىدۇ . يەر ئاغدۇرۇلۇپ ، قىرلار سىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، يەر تەكشى تۈزلىنىپ ، تارماق بىلەن ئېتىزلاردىكى ئوت - چۆپ ۋە زىرائەت يىلتىزلىرى پاكىز تازىلىنىدۇ .

### 4 . قەلەمچە تىكىش

1 ) نوتىسىدىن قەلەمچە تىكىش . ئانار قەلەمچىسى

ئىلگىرى 3 ـ ئاينىڭ 25 — 30 ـ كۈنلىرى ئارىلىقىدا تىكىلەتتى، ھازىر 4 ـ ئاينىڭ 10 — 15 ـ كۈنلىرى ئەتراپىدا تىكىلسە، قەلەمچىلەرنىڭ كۆكلەش نىسبىتىنى 95% تىن ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئورىدا توڭلىتىلغان نوتىلارنىڭ ئېرىش مۇددىتىنى 4ـ ئاينىڭ 8 — 10 ـ كۈنلىرىگىچە كەينىگە سۈرۈش لازىم. ئەتىيازدا كېسىپ يىغىۋېلىنغان نوتىلارنى ۋاقتىنچە ھۆل تۇپىغا كۆمۈپ ساقلاپ، ئېتىزغا تىكىش ۋاقتىدا توغ‌راش كېرەك.

قەلەمچىنى تۈزلەپ چۆنەك تارتىلغان ئاق يەرگە سالـ‌جىپ تىكىپ، ۋاقتىدا سۇغىرىپ، 4 — 5 كۈندىن كېيىن ئۈستىگە سۇلياۋ يېپىپ، قەلەمچىنىڭ ئۈچىنى بىر تال بىخ بىلەن سۇلياۋنىڭ تېشىغا چىقىرىپ قويۇش كېرەك. قەلەمـ‌چىلەرنى تىكىشتىن ئىلگىرى قەلەمچىلەرنى كۆلچەك، چوڭ تۇڭ ياكى ئىدىشلارغا قاچىلاپ 1 سوتكا سۇزۇك سۇغا چىلىغاندىن كېيىن، ئۇدۇللۇق سۇزۇۋېلىپ، ئۇدۇللۇق تىكىش لازىم. ئانار قەلەمچىلىرى ئادەتتە چۆنەك ئۈستىگە تىكىلىدۇ. چۆنەكنىڭ كەڭلىكى 1 مېتىر، ئېگىزـ‌لىكى 8 — 10 سانتىمېتىر بولۇشى، قۇر ئارىلىقى 30 سانتىمېتىر (بىر چۆنەككە ئۈچ رەت) دىن ئۈچ قوش تاپ، چۆنەك ئېرىقىنىڭ كەڭلىكى (يەككە تاپ) 60 سانتىمېـ‌تىر، تۈپ ئارىلىقى 10 سانتىمېتىر بولۇشى، قەلەمچە تىكىلىپ بولغاندىن كېيىن، شۇ كۈنى قاندۇرۇپ سۇغىرىدـ‌لىشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا قەلەمچىنى چۆنەك تارتماي تۈز يەرگە تىكىشكىمۇ، ئوسىغا تىكىشكىمۇ بولىدۇ، ۋاقىت

جەھەتتىن كۆزدە تىكىشكىمۇ ياكى ئەتىياز پەسلىدە تىكىش-كىمۇ بولىدۇ . قانداق ۋاقىتتا ، قانداق ئۇسۇل بىلەن تى-كىشنى جايلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ بەلگى-لىسە بولىدۇ .

2 ) يىلتىزىنى قەلەمچە قىلىش . ئانار دەرىخىنىڭ يىلتىزىنى قەلەمچە قىلىپ تىكسىمۇ كۆكلەش ئۇنۇمى يۇقى-رى بولىدۇ . ئانار دەرىخىنىڭ يىلتىزىنى قەلەمچە قىلىش-تا ، 13 — 15 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا توغراپ ، قۇر ئارىلىقىنى 40 سانتىمېتىر ، تۈپ ئارىلىقىنى 10 — 12 سانتىمېتىر قىلىپ تىكىش كېرەك . تۇپراقنىڭ يۇمشاقلى-قى ، نەملىكى ، قۇۋۋەتلىك بولۇشى ۋە ئىسسىقلىق ئۆتكۈ-زۈشچانلىقى كۆچەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ئىچكى ئا-مىل بولۇپ ، ئۇنىڭغا ياخشى پەرۋىش قىلىپ باشقۇرۇشتىن ئىبارەت تاشقى ئامىل قوشۇلسا ، قەلەمچىلەرنىڭ بىخ سۈ-رۈش ، يىلتىز چىقىرىش ۋە ئۆسۈش سۈرئىتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ .

## 5 . كۆچەتلەرنى پەرۋىش قىلىپ باشقۇرۇش

ئانار كۆچەتلىرىنى پەرۋىش قىلىش سۇغىرىش ، تۇپى-سىنى بوشىتىش ، دورا چېچىش ، قوشۇمچە ئوغۇتلاش ، پۇتاش ، ئوتاش ، كۆمۈپ قىشتىن ئۆتكۈزۈش مەشغۇلات تەرتىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

1 ) سۇغىرىش . قەلەمچىدىن يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەت-لەر بىر يىلدا 6 — 8 قېتىم سۇغىرىلسا ، ئەڭ ئاخىرقى سۈيى 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا توختىتىلىپ ، 11 - ئاينىڭ

ئوتتۇرىلىرىدا توك سۈيى قويۇلسا بولىدۇ . 7 ـ ، 8 ـ ئايلاردا ھەر 20 — 25 كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىپ ، ھەر قېتىم سۇغارغاندا تۈۋىنى چاناپ يۇمشىتىش لازىم . سۇغىرىشتا ، ئەڭ مۇھىمى تۇپراقنىڭ قۇرۇلمىسى ، تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ، كۆچەتلەرنىڭ ئۆسساش ئەھۋالىغا قارىسا بولىدۇ . قۇم تۇپراقلىق يەرگە تىكىلگەن قەلەمچىلەر 1 ـ 2 قېتىم كۆپرەك سۇغىرىلسىمۇ بولىدۇ . قەلەمچىلەر مايسا مەزگىلىدە سۇزۇك سۇ باشلاپ نېپىز سۇغىرىش ، سىغىز ، لاتقا سۇ بىلەن سۇغارماسلىق كېرەك .

2 ) تۈۋىنى يۇمشىتىش . كۆچەتلەر مايسا مەزگىلىدە تۈۋىنى ئوتىغۇچ بىلەن بوشىتىش ، كېيىن كەتمەن بىلەن بوشىتىپ ، بىر يىلدا كۆچەتلەرنىڭ ئەتراپىنى 5 — 6 قېتىم چاناپ ھەم نەملىكنى ساقلاش ، ھەم تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى ئۆستۈرۈش لازىم .

3 ) دورا چېچىش . كۆچەتلەر 25 — 30 سانتىمېتىر ئۆسكىچە كېسەللىك ، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ . بۇ مەزگىللەردە روگور ، ھاك ـ گۈگۈرت بىرىكمىسى ۋە باشقا ئۈنۈملۈك دورىلارنى چېچىپ كېسەللىك ، ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش كېرەك .

4 ) پۇتاش . قەلەمچىلەر ئۆسۈپ 15 — 20 سانتىمېتىر بولغاندا بىر تۈپ قەلەمچىدە بىر تال نوتا قالدۇرۇپ ، ياندىن چىققان باشقا شاخلارنى پۇتاپ ئېلىۋېتىش لازىم . 7 ـ ، 8 ـ ئايلاردا ئاساسىي نوتىلارنىڭ غولىدىن

ئۆسۈپ چىققان قوشۇمچە شاخلارنىمۇ پۈتاپ ئېلىۋېتىپ، كۆچەتلەرنىڭ غول قىسمىنىڭ تومۇلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

5) ئوتاش. كۆچەتلەر ئۆسۈۋاتقان مەزگىلدە سېرىقئوت، يۆگىمەچ، چىم، قىياق قاتارلىقلارنىڭ زىيان سېلىشىغا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ كۆچەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بولغان زىيىنى ئېغىر، سېرىقئوت، يۆگىمەچ قاتارلىقلار كۆچەتلەرنى ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈپ، ئۆسۈشىنى تىزگىنلەيدۇ. چىم - قىياق بولسا تۇپراقنى قاتۇرۇپ ھاۋا ئالماشتۇرۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا، پات - پات ئوتاپ، ئوت - چۆپلەرنىڭ كۆچەتلەرگە زىيان سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

6) قوشۇمچە ئوغۇتلاش. بىر يىللىق كۆچەتلەرنى بىرىنچى قېتىم ئوغۇتلىغاندا ئازوتلۇق ئوغۇتتىن ھەر مو يەرگە 5 كىلوگرام تەييارلاپ، قوي قىغى ياكى مۇۋاپىق مىقداردا توخۇ - كەپتەر مايىقى بىلەن (كۆچەتنىڭ يىلتىزىدىن 10 سانتىمېتىر يىراقلىقتىن تاپ ئېچىپ) ئوغۇتلاش؛ ئىككىنچى قېتىمدا 1 مو يەرگە 10 كىلوگرام فوسفورلۇق ئوغۇت، كۇنجىرە، قۇرۇق گەندە، قوي قىغى، توخۇ - كەپتەر مايىقى قاتارلىقلار بىلەن مۇۋاپىق ئوغۇتلاش؛ ئۈچىنچى قېتىملىق ئوغۇتنى 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بېرىش، ئاساسلىقى كالىيلىق ئوغۇتلار بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاش لازىم. ھەر قېتىم ئوغۇتلىغاندا تاپ ئېچىپ ۋە تاپنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئوغۇتلاپ، دەرھال سۇغىرىش كېرەك. كۆچەتلەرنى قوشۇمچە ئوغۇتلىغاندا بىرىنچىدىن،

ئوغۇتلاش ۋاقتى ؛ ئىككىنچىدىن ، ئوغۇت تۈرى ؛ ئۈچىنچىدىن ، ئوغۇتنىڭ مىقدارى ؛ تۆتىنچىدىن ، ئوغۇتلاش ئۇسۇلىغا قاتتىق دىققەت قىلىش لازىم .

7 ) قىشتىن ئۆتكۈزۈش . ئانار كۆچىتى كۈز پەسلىدە كۆمۈپ قىشتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ . ئادەتتە 11 - ئاينىڭ 15 — 25 - كۈنلىرىگىچە كۆمۈلسە مۇۋاپىق بولىدۇ . كۆچەتلەرنى كۆمۈشتىن 15 — 20 كۈن ئىلگىرى قاندۇرۇپ سۇغىرىپ ، تۇپراقنىڭ نەملىكى نورماللاشقاندىن كېيىن ، ئاندىن كۆمۈش كېرەك . ئەگەر سۇغارغىلى بولمىسا ، كۆچەتنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ ، كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان يەردىن ئورا كولاپ ، ئورىغا تىزىپ ، ئۈستىگە قۇم تۆكۈپ كۆمۈپ ، سۇ قۇيۇپ توڭلاتسىمۇ بولىدۇ . كۆچەتلەرنى كۆمگەندە زەخىملىنىشتىن ساقلىنىش كېرەك .

8 ) كۆچەتلەرنى ئېچىش . ئانار كۆچەتلىرىنى ئەتىيازدا 3 - ئاينىڭ 20 — 30- كۈنلىرىگىچە ، ئەگەر تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ ، ھاۋا تۇتۇلۇپ قالسا 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنلىرىگىچە ئاچسا بولىدۇ . كۆچەتلەرنى ئاچقاندا تۇپىسىنى قول بىلەن سىيرىپ ئېچىش ياكى كەتمەن بىلەن ئاۋايلاپ ئېچىش كېرەك ، شاخلىرىنى تارتىپ سىلكىپ ئېچىشقا بولمايدۇ . كۆچەتلەرنى ئېچىپ بولغاندىن كېيىن تۈۋىدىكى بوش تۇپىلارنى كەتمەن بىلەن سىيرىپ تەكشى تۈزلەش كېرەك . ئانار كۆچەتلىرىنى ئەڭ ياخشىسى ئىككى يىللىق بولغاندا (شۇ يىلى كۈز ، 3- يىلى ئەتىيازدا ) ئاندىن كۆچەتخانىدىن چىقارسا ، ئورمان بىنا قىلىش ئۆلچىمىگە توشىدۇ .

# 3 . ئەنجۈر نوتىسىنى قەلەمچە قىلىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش

## 1 . ئەلا سورتلارنى تاللاش

دۇنيا بويىچە ئەنجۈرنىڭ تارقالغان سورتلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۈنىڭ بەش خىل سورتى ئۆستۈرۈلىدۇ . بۇ بەش خىل سورتلارنىڭ تەبىئىي شارائىتقا ماسلىشىشچانلىقى ، مېۋىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ، پىشىش مەزگىلى ، مېۋىسىنىڭ سۈپىتى بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ .

ئەنجۈر دەرىخى ئاساسلىقى قەلەمچە قىلىش ، نوتا باسۇرۇش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق كۆپەيتىلىدۇ . قەلەمچە ئىككىپ كۆپەيتىشتە ، ئالدى بىلەن ئەلا سورتلۇق دەرەخنى تاللاپ نوتا يىغىپ تەييارلاش لازىم . ھازىر جايلاردا ئاساسلىق ئۆستۈرۈلۈۋاتقان ئەنجۈر سورتلىرى تۆۋەندىكىچە :

1 ) تۇخۇمسىمان سېرىق ئەنجۈر . بۇ سورتنىڭ مېۋىسى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ ، ئېتىمۇ ،پوستىمۇ سېرىق كېلىدۇ .مېۋە سۈپىتى ئوتتۇراھال ،يازلىق مېۋىسى 7 - ئاينىڭ ئالدى - كەينىدە ، كۈزلۈك مېۋىسى 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىدۇ . بۇ سورت ئاتۇش ، قەشقەر رايونلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ .

2 ) كىچىك سېرىق ئەنجۈر . بۇ سورتنىڭ مېۋىسى كىچىك ، ساپىقى قىسقا ، پوستى سېرىق ، ئېتى قىلىن ،

تەمى تاتلىق ، سۇپىتى بىرقەدەر ياخشى بولۇپ ، 7 ـ ئاي-
نىڭ ئاخىرلىرىدا پىششىقا باشلاپ ، ئۇششۇك تې-
گىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە پىشىپ بولىدۇ . بۇ سورتنى
زەيرەك تۇپراقلاردىمۇ ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ . لېكىن ، مەھ-
سۇلات مىقدارى تۆۋەنرەك .

3 ) شىنجاڭ چىلگە ئەنجۈرى . بۇ سورتتىكى ئەنجۈر دەرەخلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 6 — 16 مېتىرغىچە بولىدۇ ، ئۇزاق يىل مېۋە بېرىدۇ . تۇپراق شارائىتى ياخشى بولسا ھەمدە ئۇششۇكتىن مۇداپىئە كۆرۈپ ياخشى پەرۋىش قىلىن-سا ، 200 يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرىدۇ . ئۇنىڭ مېۋىسى چوڭ ، رەڭگى كۆركەم ، شەكلى ياپىلاقراق بولۇپ ، سۇپى-تى ياخشى ، ھەربىر دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى 50 — 70 گرام كېلىدۇ . باشقا ئەنجۈر سورتلىرىغا سېلىشتۇرغاندا مېۋىسى يۇمشاق ، تەمى تاتلىق بولۇپ ، مەھسۇلاتىمۇ ئەڭ يۇقىرى . يازلىق مېۋىسى 7 ـ ئايلاردا ، كۈزلۈك مېۋىسى 8 ـ ئايىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا پىشىدۇ . بۇ سورتنىڭ مۇھىت ـ شارائىتقا ماسلىشىشچانلىقى ياخشى بولۇپ ، ئا-تۇش ، قەشقەر ، خوتەن رايونلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ .

4 ) شىنجاڭ سېرىق ئەنجۈرى . بۇ سورتنىڭ مېۋىسى ياپىلاقراق ، پوستى سېرىق ھەم سۇزۇك ، ئېتى يۇمشاق ، تەمى تاتلىق ۋە شېرىن ، دەرىخى ناھايىتى باراقسان ئۆسى-دۇ . مەھسۇلاتى مول بولۇپ ، مېۋىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئې-غىرلىقى 68.6 گرام ، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ 76 گرامغىچە كېلىدۇ . بۇ سورتنىڭ يازلىق مەھسۇلاتى كەم ، كۈزلۈك مەھسۇلاتى مول بولىدۇ . ئاتۇش ، قەشقەر ، خوتەن قاتارلىق

رايونلاردا ئۆستۈرۈلىدۇ .

5 ) شىنجاڭ جاغدا ئەنجۈرى . بۇ خىل سورتنىڭ مېۋىسى ياپىلاق ، ساپىقىنىڭ تۈۋى كۆچلۈك ، ساپىقى ئۇزۇنراق ، پوستى سېرىق ھەم ئاق (دەرەخ تاجى ئارىسىدىكى كۈن نۇرى چۈشمىگەن مېۋىلەرنىڭ رەڭگى ئاق ) كېلىدۇ . پىشقانلىرى ۋاقتىدا ئۈزۈپ بىر تەرەپ قىلىنمىسا پوستى قاريداپ ، يەرگە تۆكۈلۈپ كېتىدۇ . ئەمما ، بۇ خىل سورتنىڭ سۈپىتى ياخشى ، تەمى تاتلىق بولۇپ ، ئەلا سۈپەتلىك سورت ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ يازلىق مېۋىسى 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ، كۈزلۈك مېۋىسى ئۆششۈك تەككەنگە قەدەر پىشىدۇ . بۇ خىل سورت ئاتۇشنىڭ ئازاق يېزىسى ، قەشقەر كونىشەھەرنىڭ بەشكېرەم يېزىسىدا ئۆستۈرۈلىدۇ .

## 2 . يەر تەييارلاش

ئەنجۈر قەلەمچىسى تىكىلىدىغان يەر توپا قاتلىمى قېلىن ، مۇنبەت ياكى قۇمساڭغۇ ئەت تۇپراقلىق يەرلەردىن تاللىنىشى لازىم . ئالدى بىلەن كۈن نۇرى تەكشى چۈشۈشى ، سۇ مەنبەسى يېتەرلىك بولۇشى كېرەك ، سۇغىرىش ئاسان ، سۇ چىقىرىۋېتىش شارائىتى ياخشى بولۇشىمۇ مۇھىم .يەرنى تاللاپ بولغاندىن كېيىن ،ئوسا قىلىشتىن ئىلگىرى ھەر مو يەرگە 2000 — 2500 كىلوگرام ياخشى چىرىگەن ئېغىل قىغى تۆكۈپ ، يەرنى 25 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا يۇمشاق ئاغدۇرۇش لازىم . ئۇنىڭدىن كېيىن ، چالمىلارنى ئېزىپ تەكشى تۈزلەپ (سۆرەم سېلىپ ) ، ئوت - چۆپ ، زىرائەت يىلتىزلىرىنى تارماق

بىلەن پاك - پاكىز تازىلاش كېرەك . قەلەمچىنى چۆنەك ئېچىپ ئاق يەرگە تىكىپ سۇغارسىمۇ ياكى يەرنى تۈزلەپ تەييارلىغاندىن كېيىن ئۇسا قىلىپ تىكسىمۇ بولىدۇ . چۆنەك ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 40 سانتىمېتىر ، چۆنەكنىڭ ئىگىزلىكى 20 سانتىمېتىر بولۇشى ، قىر ۋە چۆنەكلەر تەكشى ، تۈز سىپلىنىشى كېرەك .

## 3 . نوتا تاللاش ۋە قەلەمچە كېسىش

قەلەمچە قىلىنىدىغان نوتىلار ئەتىياز پەسلىدە (ئەنجۈر دەرىخىنى ئاچقاندا ) يىغىۋېلىنىدۇ . نوتا تاللاشتا ، ئىككى يىللىق پىشىپ يېتىلگەن شاخلار ۋە بىر يىللىق ساغلام ئۆسكەن شاخلار ئىچىدىن قىشتىن ياخشى چىققان ، كېسەللىك ، زىياندāش هاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمىغان ، بوغۇم ئارىلىقى قىسقا ، بىخلىرى تولۇق ، تۈز ئۆسكەن سۈپەتلىك نوتىلار تاللىنىپ ، قايچا بىلەن كېسىپ يىغىۋېلىنىدۇ . نوتىلارنى بىر ياقتىن يىغىۋېلىپ ، 50 تالنى بىر باغلام قىلىپ ، كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان سايە يەردە ، ۋاقتىنچە هۆل توپىغا كۆمۈپ ساقلاش لازىم . ئەگەر قەلەمچە قىلىنىدىغان نوتىلار كۈز پەسلىدە كېسىۋېلىنسا ، دەرهال سايە يەردىن 50 — 60 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئورا كولاپ ، ئورىنىڭ تېگىگە 10 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا نەم قۇم تۆكۈپ ، نوتىلارنى تەكشى ، رەتلىك تىزغاندىن كېيىن نەم توپا بىلەن كۆمۈپ (نوتىنىڭ ئاستى 25 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا كۆمۈلىدۇ ) قىشتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ . لېكىن ، كۈزدە كېسىپ يىغىۋېلىنغان قەلەمچىلەرنىڭ كۆكلەش

نسبىتى تۆۋەن ، نوتىلارنى كېسىش ، ساقلاش ، توغراش (قەلەمچە قىلىش ) جەريانىدا ئىسراپچىلىق ئېغىر بولىدۇ . شۇڭا ، ئەڭ ياخشىسى ئەنجۈر نوتىلىرىنى ئەتىياز پەسلىدە كېسىپ يىغىۋېلىش كېرەك .

ئەنجۈر نوتىسىنى قەلەمچە قىلىپ كېسىش ۋاقتى 4 - ئاينىڭ 10 — 20 - كۈنلىرىگىچە ، قەلەمچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 — 22 سانتىمېتىر بولۇشى ، ھەربىر تال قەلەمچىدە ئۈچتىن يۇقىرى بىخ بولۇشى ، قەلەمچىنىڭ ئۈستى تۈز ، يەرگە سانجىلىدىغان تەرىپى قەلەم شەكلىدە بولۇشى كېرەك . ھەر 50 تال قەلەمچىنى بىر باغلام قىلىپ باغلاپ ، تىكىشتىن ئىلگىرى سۈزۈك سۇغا 3 — 4 سائەت چىلاپ ، سۇدىن ئۇدۇللۇق سۈزۈۋېلىپ تىكىش لازىم .

## 4 . قەلەمچە تىكىش

ئەنجۈر قەلەمچىسى ئادەتتە 4 - ئاينىڭ 10 — 20 - كۈنلىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا تىكىلسە مۇۋاپىق بولىدۇ . ئەمما ، قەلەمچە قىلىنىدىغان نوتىلار ياخشى ساقلانغان بولۇشى (سېسىپ قالمىغان ، قۇرۇپ قالمىغان ، بالدۇر بىخلىنىپ قالمىغان بولۇشى ) كېرەك . ئەڭ ياخشى ئۇسۇل — قەلەمچىنى بىر تەرەپتىن توغراپ ، بىر تەرەپتىن سۇغا چىلاپ ، بىر تەرەپتىن تىكسە ، كۆكلەش نىسبىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ . قەلەمچە ئالدىن تەييارلانغان چۆنەككە قۇر ئارىلىقى 30 — 35 سانتىمېتىردىن ئىككى قوش رەت ، 60 سانتىمېتىر كەڭلىكتە بىر تاق رەت (ئەنجۈر قەلەمچىسى قىشتا كۆمۈلگەچكە بىر رەتنىڭ ئارىلىقى كەڭ-

رەك قويۇلىدۇ ) ، تۇپ ئارىلىقى 10 سانتىمېتىر قىلىپ تىكىلىدۇ . قالەمچىنىڭ ئۇچى يەردىن 2 سانتىمېتىر (بىر تال بىخ ) چىقىپ تۇرسا بولىدۇ . قەلەمچىنى تىكىشتىن ئىلگىرى ، يەرگە سانجىلىدىغان تەرىپىنىڭ 8 — 10 سانتىمېتىر يېرىنى (باغلىمى بىلەن ) 500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇلغان ABT يىلتىز تارتقۇزۇش ئۇنتوقى ئېرىتمىسىگە 10 مىنۇت چىلاپ ، ئاندىن تىكسە قەلەمچىنىڭ كۆكلەش نىسبىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرگىلى بولىدۇ . قەلەمچىنى ئاق يەرگە سانجىپ تىكىپ ، سۇغىرىپ ئوسىسى كېلىشكەندىن كېيىن ، ئۇستىگە سۇلياۋ يوپۇق ياپسىمۇ ياكى يەرنى ئوسا قىلىپ ئاغدۇرۇپ چۆنەك تارتقاندىن كېيىن ، چۆنەك ئۇستىگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ ، سۇلياۋ ئۇستىدىن تۆشۈك ئېچىپ ، قەلەمچىنى سانجىپ تىكسىمۇ بولىدۇ .

### 5 . پەرۋىش قىلىش

قەلەمچىنى تىككەندىن باشلاپ ، كۈز كىرگىچە بولغان ئارىلىقتا سۇغىرىش ، سۇلياۋنى ئېلىۋېتىش ، تۇپراقنى يۇمشىتىش ، ئوتىنى ئوتاش ، قوشۇمچە ئوغۇتلاش ، قىشتىن ئۆتكۈزۈش قاتارلىق پەرۋىش ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەپ ، كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىش لازىم .

1 ) سۇغىرىش . قەلەمچىلەر تىكىلگەندىن باشلاپ ، كۈزدە كۆمۈلگەنگە قەدەر بىر يىلدا 10 — 12 قېتىم سۇغىرىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ . كۆچەتلەرنى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا بىر قېتىم ، 5 ـ ئايدا ئۈچ قېتىم ، 6 ـ

ئايدىن 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم ، 9 ـ ئايـنىڭ 20 ـ كۈنـلـىرىـگىـچە بىر قېـتىم سۇ- غىـرىپ ، 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنـلـىرى ئەتـراپىـدا توڭ سۇيى قويۇپ ، 11 ـ ئاينىڭ 20 — 25 ـ كۈنلىرىدىن بۇرۇن كۆچەتلەرنى توپا بىلەن قېلىنراق كۆمۈپ قىشتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك . قەلەمچىلەرنى دەسلەپكى مەزگىللەردە سۇغارغاندا ئاز سۇ باشلاپ يېنىك سۇغىرىش ، تېمپېراتۇرا 30 C تىن ئاشقان مەزگىللەردە ئەتىگەن ياكى كەچ تەرەپلەر- دە سۇغىرىش لازىم .

2 ) سۇلياۋ يوپۇقنى ئېلىۋېتىش . قەلەمچە تىكىلىپ 20 كۈندىن كېيىن بىخلىنىشقا باشلايدۇ . بۇ مەزگىلدە بىخنىڭ ئۈستىدىكى سۇلياۋ يوپۇقنى يىرتىپ تۆشۈك ئې- چىپ قويسا ، بىخ پەيدىنپەي مايسا چىقىرىپ تۇپراق سىرتى- غا چىقىدۇ . 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ياكى 6 ـ ئاينىڭ باشلىرى- دا ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئۆرلىگەندىن كېيىن ، سۇلياۋ يو- پۇقنى ئېلىۋېتىپ ، كۆچەتلەرنىڭ توپىسىنى بوشىتىش لازىم .

3 ) تۇپراقنى يۇمشىتىپ ئوتنى ئوتاش . سۇلياۋ يو- پۇقنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ، كۆچەتلەرنىڭ تۈۋىنى بوشى- تىپ ، ئوتنى ئوتاپ ، ئاندىن سۇغىرىش كېرەك . ھەر قېتىم سۇغىرىشتىن بۇرۇن بىر قېتىم چاناپ ، ئوت - چۆپلەرنى ئوتاش ۋە مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇمچە ئوغۇت بەرگەندىن كېيىن ، ئاندىن سۇغىرىش لازىم .

4 ) قوشۇمـچە ئوغۇتـلاش . 6 ـ ئايـدىن 8 ـ ئاي- نىڭ 20 ـ كۈنلىرىگىچە ئۈچ قېتىم فوسفورلۇق ، كالىي-

لىق ئوغۇتلارغا تولۇق چىرىگەن قوي قىغى ، توخۇ ـ كەپتەر
مايىقى ، كۈنجىرە قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاش-
تۇرۇپ قوشۇمچە ئوغۇت بەرسە بولىدۇ . ئازوتلۇق ئو-
غۇتلارنى بىرىنچى قېتىمدا ناھايىتى ئاز مىقداردا ئىشلەت-
كەندىن باشقا ، ئىككىنچى ، ئۈچىنچى قېتىمدا ئىشلەتمەس-
لىك كېرەك . فوسفورلۇق ئوغۇت ھەر مو يەرگە 12 —
15 كىلوگرام ئەتراپىدا بېرىلىشى ، كالىيلىق ئوغۇت ئۈ-
چىنچى قېتىمدا 15 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى
لازىم . باشقا ئورگانىك ئوغۇتلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ
ئوغۇتلىغاندا ، خىمىيىۋى ئوغۇتلارنىڭ مىقدارىنى ئا-
زايتىش ، ئوغۇت بەرگەندە نۆۋەتلەشتۇرۇپ تاپ ئې-
چىپ ، تاپ بويىچە ئوغۇتلىغاندىن كېيىن ، ئوغۇتنى
كۆمۈپ دەرھال سۇغىرىش لازىم .

5 ) كۆچەتلەرنى قىشتىن ئۆتكۈزۈش . ئەنجۈر كۆچە-
تىنى توپا بىلەن كۆمۈپ قىشتىن چىقارمىسا ئۈششۈپ
كېتىدۇ . ئۇنى قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تۆۋەن-
دىكى ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ بىرىنى قوللانسا بولىدۇ .
بىرى ، كۆچەتنى ئېتىز ئۈستىدىلا ياتقۇزۇپ كۆمۈش ئارقى-
لىق قىشتىن ئۆتكۈزۈش ؛ يەنە بىرى ، 11 ـ ئاينىڭ
18 — 25 ـ كۈنلىرىگىچە كۆچەتنى يىلتىزى بىلەن قومۇ-
رۇپ ، ئورىغا كۆمۈپ قىشتىن ئۆتكۈزۈش . بىرىنچى خىل
ئۇسۇل كېلەر يىلى ئەتىيازدا ئورمان بىنا قىلىشقا ئىشلەت-
كىلى بولمايدىغان كىچىك كۆچەتلەرگە باب كېلىدۇ . ئىك-
كىنچى خىل ئۇسۇل ئەتىيازدا ئورمان بىنا قىلىشقا ئىشلەت-
كىلى بولىدىغان ئۆلچەملىك كۆچەتلەرگە باب كېلىدۇ . بۇ

ئىككى خىل ئۇسۇلنى جايلار ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىسە بولىدۇ .

## 4 . ئۈزۈم نوتىسىنى قەلەمچە قىلىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش

### 1 . ئەلا سورتلىرىنى تاللاش

كۆچەت يېتىشتۈرۈپ باغ بىنا قىلىشتا ئۈزۈمنىڭ ئەلا سورتلىرىنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم . ھۆل پېتى ئىستېمال قىلىشقا ۋە قۇرۇتۇپ يۆتكەشكە بولىدىغان شىنجاڭ يەرلىك ئۈزۈم سورتلىرىدىن ساپ مەرۋايىت ، قىزىل داراي ، تۇرپان قىزىل ئۈزۈمى (قىزىل سايۋا) ، كۆك سايۋا (سوقا ئۈزۈم) ، ئاق كىشمىش ئۈزۈم ، قەشقەر ئۈزۈمى ، خوتەن قىزىل ئۈزۈمى ، قىزىل مۇناقى ئۈزۈم قاتارلىقلارنى تاللاش لازىم . بۇ سورتلار تۇپراق ، ھاۋا ، قۇرغاقچىلىق ، ھۆلچىلىك قاتارلىق تەبىئىي شارائىتلارغا بولغان ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك ، مېۋىسى چوڭ ، پوستى نېپىز ، ئېتى يۇمشاق ، تاتلىق ، تەمى شېرىن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ، بۇ سورتلاردىن كۆچەت يېتىشتۈرۈپ باغ بىنا قىلىشنىڭ ئىستىقبالى كەڭ ، مېۋىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولۇپ ، خەلقئارا بازاردا كۈچلۈك رىقابەت ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە .

ھاراق ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن كېڭەيتىلىدىغان سورتلار : ھاراق ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۈزۈمنىڭ

قەنت تەركىبى يۇقىرى بولۇشى كېرەك ، ئەمما ئۇنىڭ چۈچۈمەللىكى بەك تۆۋەن بولماسلىقى ، قەنت ، تاننىن كىسلاتا ۋە خۇش پۇراقلىق ماددىلار ئوتتۇرىسىدا مۇۋاپىق تەڭپۇڭلۇق بولۇشى لازىم . قەنت تەركىبى يۇقىرى بولۇپ ، ئورگانىك كىسلاتا يېتەرلىك بولمىسا ، بۇنداق ئۈزۈم ئەلا سۈپەتلىك هاراقنىڭ خام ئەشياسى بولالمايدۇ . شۇڭا ، هاراق ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن فرانسىيىنىڭ ئاق پىنون ، رېسلىڭ ، گروزىيىنىڭ پىكادىل ، سالېراۋى ، ئىتالىيىنىڭ رېسلىڭ ، ئىلىنىڭ پۇراقلىق ئۈزۈمى قاتارلىق سورتلارنى تاللاپ باغ بىنا قىلىش لازىم . بۇنىڭدىن باشقا ، جۇفېڭ (ياپونىيە سورتى ) ، «يەر شارى قىزىل ئۈزۈمى» (ئامېرىكا سورتى ) ، بېيچۈەن (بېيجىڭ سورتى ) ، جىڭزاۋجىڭ (بېيجىڭ سورتى ) قاتارلىق سورتلارنى ئۆزىنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ماس كېلىدىغان ئورۇنلار مۇۋاپىق كۆلەمدە كېڭەيتسە بولىدۇ . هاراق ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۈزۈم سورتلىرىدىن شامپان هارىقى ، ئاق ئۈزۈم هارىقى ، ئەلا سۈپەتلىك ئاق ۋە قىزىل ئۈزۈم هارىقى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ . بۇنىڭدا ئۈزۈم ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەپچىقىرىلغان مەهسۇلاتلاردىن كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقىلى بولىدۇ .

## 2 . كۆچەت يېتىشتۈرۈش

ئۈزۈم تېلى جىنسلىق (ئۇرۇقنى تېرىش ) ۋە جىنسسىز (قەلەمچە تىكىش ، نوتا باسۇرۇش ، توپ ئايرىش ، ئۇلاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ) كۆپەيتىلىدۇ . ئۇرۇقنى تې-

ـرىپ كۆپەيتىش ئۇسۇلى ئادەتتە قوللىنىلمايدۇ . قەلەمچە تىكىش ، نوتا باسۇرۇش ، ئۇلاش قاتارلىق ئۇسۇللار كۆپـ ـرەك قوللىنىلىدۇ .

تالنى قەلەمچە قىلىپ تىككەندە ، كۆچەت يېتىشتۇرۇش باسقۇچىنى قىسقارتقىلى ، كۆكلەش ئۇنۇمىنى ئۆستۈرگىلى ، ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى ۋە ئەسلىدىكى ئانا تۈپلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالـ ـغىلى بولىدۇ . بۇ ئۇسۇل قەلەمچىنى بىۋاسىتە تىكىپ باغ بىنا قىلىش ۋە قەلەمچىدىن كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق باغ بىنا قىلىش دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ . بۇ ئۇسۇلـ ـنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ئۈنۈمى ياخشى . لېكىن ، تەييارلانـ ـغان قەلەمچىلەر ئالدىن بىخلاندۇرۇپ تىكىلىشى كېرەك . نوتا باسۇرۇپ كۆپەيتىش ھەرقايسى جايلاردا ئۇزاق زامانلارـ ـدىن بېرى قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بولۇپ ، ھازىر بۇ ئۇسۇل كۆپ قوللىنىلمايدۇ . تالنى ئۇلاپ كۆپەيـ ـتىش ئۇسۇلى 60 - يىللاردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن يېڭى ئۇسۇل بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۈزۈم سورتلىرىنى ياخشىلاشـ ـتا ئۇنۇمى كۆرۈنەرلىك ، لېكىن بۇ ئۇسۇل ھەممە جايلاردا ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلمىگەنلىكتىن ئەمەلىيەت جەريانىدا ئاز قوللىنىلماقتا .

### 3 . نوتا تاللاش

قەلەمچە قىلىنىدىغان نوتىلارنىڭ سورتى ساپ ، سۈپىـ ـتى ياخشى بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ ، سورتى ئارىلاش ، سۈپىتى ناچار ياكى شاللاپ چىقىرىۋېتىلگەن ئۈزۈم سورتـ

لىرىدىن نوتا ئېلىپ قەلەمچە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق . ئەڭ مۇھىمى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ئەلا سورتلار- دىن نوتا ئېلىپ قەلەمچە قىلىش كېرەك . تاللىنىدىغان قەلەمچە نوتىلىرى ساغلام ، قاۋۇل ئۆسكەن ، بوغۇم ئارد- لىقلىرى قىسقا ، ئۆزەك قىسمى كىچىك ، تولۇق پىشىپ يېتىلگەن بىر يىللىق نوتىلاردىن بولۇشى لازىم . قەلەمچە نوتىلىرىنى ئەڭ ياخشىسى كۆز پەسلىدە (تالنى چاتىغاندا) تاللاپ يىغىۋېلىپ ، 1 مېتىردىن كېسىپ ھەر 50 — 100 تالنى بىر باغلام قىلىپ ، ئورىغا سېلىپ توڭلىتىپ ساقلاش كېرەك . نوتىلارنىڭ سېسىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈ- چۈن ، نوتىلارنى قۇرۇق قۇم بىلەن كۆمۈپ ، ئاندىن سۇ قۇيۇپ توڭلىتىش لازىم .

## 4 . قەلەمچىلەرنى ساقلاش

قەلەمچىلەرنى ئورىدا توڭلىتىپ ساقلىسىمۇ ياكى ھۆل توپىدا كۆمۈپ ساقلىسىمۇ بولىدۇ . قەلەمچىلەرنىڭ قۇرۇپ قېلىشىدىن ياكى ھوردىلىپ سېسىپ كېتىشىدىن ساقلى- نىش ئۈچۈن ، قەلەمچىلەرنى كۆمگەندە ، ئورىغا كۆمگەن قەلەمچىلەرگە نىسبەتەن قۇرۇق قۇم ياكى قۇرۇق توپا تۆ- كۈپ قەلەمچىلەرنىڭ ئارىسىدىكى بوش ئورۇننى چىڭداپ ، ھاۋا ئالمىشىدىغان كاۋاك قالدۇرماسلىق ؛ ھۆل توپىغا كۆ- مۈپ ساقلىغان قەلەمچىلەرگە نىسبەتەن ، ھۆل قۇم ئارد- لاشتۇرۇپ كۆمۈپ ، قەلەمچە ئارىسىدا بوشلۇق قالدۇرماس- لىق لازىم .

## 5 . قەلەمچە نوتىلىرىنى كېسىش

قەلەمچە نوتىلىرىنى كېسىشتە ، ئالدى بىلەن نوتىلار-نىڭ ئوڭ - تەتۈرى بويىچە رەتلەپ ، كېسىلگەن قەلەمچىلەر-نىمۇ شۇ بويىچە رەتلىك باغلاش كېرەك . قەلەمچە نوتىلىرى ئادەتتە 20 — 25 سانتىمېتىر ، بىۋاستە تىكىپ باغ بىنا قىلىشقا ئىشلىتىشتە 0.5 — 1 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىلى-دۇ . قىسقا كېسىلگەن قەلەمچىدە 3 — 4 تال ، ئۇزۇن كېسىلگەن قەلەمچىدە 7 — 14 تال بىخ قالدۇرۇلىدۇ . نوتىلارنىڭ بوغۇم ئارىلىقلىرى ئۇزۇن - قىسقا بولغاچقا ، قەلەمچە كەسكەندە ، قەلەمچىلەرنىڭ ئۇزۇن - قىسقا كېسى-لىش ئېھتىمالى تۇغۇلىدۇ . بۇنداق بولغاندا ئىلاج قىلىپ قەلەمچىلەرنى ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتا كېسىشكە ئىمكانىيەت يارىتىش كېرەك . قەلەمچىنى كەسكەندە ، قەلەمچىنىڭ ئۈ-چى بىختىن 1.5 سانتىمېتىر قالدۇرۇپ تۈز كېسىلىدۇ . ئاستى تەرىپى بىخ (كۆز ) گە يېقىنراق يەردىن قىيپاش كېسىلىدۇ . نوتىلارنى قەلەمچە قىلىپ كەسكەندە ، قەلەم-چىنىڭ ئۈچىدىكى بىخنىڭ تولۇق - تولۇق ئەمەسلىكىگە دىققەت قىلىش ، ئەگەر بىخنىڭ ئورنى بولۇپ ، ھاياتىي كۈچى بولمىسا ، ئۇنى كېسىپ ئېلىۋېتىپ ، تولۇق بىخنى قالدۇرۇش لازىم . قەلەمچىلەرنى ئۇدۇللۇق كې-سىپ ، ئوڭ - تەتۈرى بويىچە ئۇدۇللۇق باغلاپ ، ھۆل توپىغا ۋاقتىدا كۆمۈپ ساقلاش لازىم .

## 6 . قەلەمچىلەرنى تىكىشتىن بۇرۇن يىلتىز تارتقۇزۇش

كېسىپ تەييارلانغان قەلەمچىلەر سۇزۇك سۇدا پاكىز

يۇيۇپ تازىلانغاندىن كېيىن ، 20 — 24 سائەت سۇزۇك ، پاكىز سۇغا چىلاپ تويۇندۇرۇلىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ، تورلۇك ئۇسۇللار ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىپ ،يىلتىز تارتقۇزۇلىدۇ .تال قەلەمچىلىرىنى يىلتىز تارتقۇزۇش ئۇسۇللىرى كۆپ ، ئۇنۇمى ياخشى بولۇپ ، ئومۇمەن 20 — 30 كۈندە يىلتىز تارتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ، قەلەمچىلەرنى يۆتكەپ تىكىپ ، بىخ چىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ .

قەلەمچىلەر سالقىن كۆچەتلىكتە يىلتىزلىتىش ئۇسۇلى ، كاڭدا يىلتىزلىتىش ئۇسۇلى ، پارنىكتا يىلتىزلىتىش ئۇسۇلى ، توك ئارقىلىق يىلتىزلىتىش ئۇسۇلى قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق يىلتىز تارتقۇزۇلىدۇ . قەلەمچىنى تېز يىلتىز تارتقۇزۇپ بىخلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كۆچەتنى تېز ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ، هازىر پارنىكتا يىلتىزلىتىش ۋە توك ئارقىلىق يىلتىزلىتىش ئۇسۇللىرى كۆپرەك قوللىنىلىدۇ . بۇ ئۇسۇللارنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ ، ئېهتىياجلىق ئەلا سورتلۇق ئۈزۈم كۆچەتلىرىنى هەم كۆپ ، هەم تېز يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، هازىر دورا بىلەن يىلتىز تارتقۇزۇش ئۇسۇللىرى بىرقەدەر كۆپ قوللىنىلماقتا ، بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ياخشى بولۇپ ، كېڭەيتىشكە بولىدۇ .

1 ) دورا بىلەن يىلتىز تارتقۇزۇش ئۇسۇلى . قەلەمچىلەرنى دورا ئارقىلىق يىلتىز تارتقۇزۇش هازىر مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلىرىنى تېز يېتىشتۈرۈشتە كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللارنىڭ بىرى . قەلەمچىلەرنى يىلتىز تارتقۇزۇش-

قا ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ تۈرى كۆپ بولسىمۇ، لې-
كىن ئۈنۈمى ئوخشاش ئەمەس. ھازىر كۆپرەك ئىشلىتىلى-
دىغانلىرى ساخاروزا، كالىي پېرمانگانات، α — نافتالىنلىق
ئاچچىقسۇ كىسلاتاسى، ئىندولىلۇق ئاچچىقسۇ كىسلاتاسى،
ئىندولىلۇق بوتېل كىسلاتاسى، ABT يىلتىز تارتقۇزۇش
ئۈنتوقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ دورىلار نىسبەت بويى-
چە تەڭشەپ سۇيۇقلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، كېسىپ سۇغا
چىلانغان قەلەمچىنىڭ يەرگە سانجىلىدىغان ئۇچى تەييارلان-
غان دورا سۇيۇقلۇقىغا 2 سانتىمېتىر چىلىنىپ، 12 سا-
ئەت چىلاپ قويۇلىدۇ. مۇشۇ ئارىلىقتا قەلەمچىنىڭ ئۈستى
سۇغا چىلاپ نەمدەلگەن تاغار، كىگىز، ئەدىيال ياكى سۇلى-
ياۋ بىلەن مەھكەم باسۇرۇلىدۇ.

2) دورىنى تەڭشەپ سۇيۇقلاندۇرۇش ئۇسۇلى.
1 .0 — 0.5% لىك كالىي پېرمانگانات،
150 — 200ppm لىق α — نافتالىنلىق ئاچچىقسۇ كىسلاتا-
سى، 50 — 100ppm لىق ئىندولىلۇق ئاچچىقسۇ كىسلاتا-
سى، 50 — 100ppm لىق ئىندولىلۇق بوتېل كىسلاتا-
سى ۋە ABT يىلتىز تارتقۇزۇش ئۈنتوقىنىڭ ھەر 1 گرام
پاراشوكى (100 گرام) 95% لىك ئىسپىرتتا سۇيۇقلاندۇ-
رۇلغاندىن كېيىن، يەنە 1000 گرام سوۋۇتۇلغان قايناق
سۇ بىلەن تەڭشەپ تەييارلىنىدۇ. قەلەمچىلەر دورا سۇيۇق-
لۇقى بىلەن يىلتىز تارتقۇزۇلغاندىن كېيىن، مەخسۇس
تەييارلانغان يەرگە تىكىلسە، كۆكلەش ئۈنۈمىنى كۆرۈنەر-

لىك نىسبەتتە ئۈستۈرگىلى بولىدۇ .

## 7 . قەلەمچە تىكىش

قەلەمچىلەر پارنىك ، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ۋە خىد-مىتىلىك دورىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق 20 — 30 كۈن يىلتىز تارتقۇزۇپ تەييارلانغاندىن كېيىن ، رەسمىي ئاق يەرگە تىكىپ سۇغىرىپ پەرۋىش قىلىنىدۇ . قەلەمچىنى قايسى ۋاقىتتا تىكىش ، شۇ يەرنىڭ ھاۋا ، تېمپېراتۇرا ، سۇ ، يەر شارائىتى ۋە قەلەمچىلەرنى يىلتىز تارتقۇزۇش تەييارلىق ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ . جەنۇبىي شىنجاڭ-دا ئادەتتە 4- ئاينىڭ 10 — 15- كۈنلىرى ئەتراپىدا تىكسە بولىدۇ ، ئەڭ كېچىككەندىمۇ 4- ئاينىڭ 20- كۈنلىرىدىن بۇرۇن تىكىپ بولۇش لازىم . شۇ مەزگىلگىچە قەلەمچىلەر-نى يىلتىز تارتقۇزۇپ تەييارلاپ بولۇش كېرەك .

ئالدى بىلەن قەلەمچە تىكىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈلىدى-غان يەرنىڭ ھەر 1 موسىغا 40 — 50 تاغار سۈپەتلىك قوي قىغى تۆكۈپ ، يۇمشاق ئاغدۇرۇپ تەكشى تۈزلەش كېرەك . ئۇنىڭدىن كېيىن ، تەييارلانغان يەرگە قۇر ئارىلى-قى 50 سانتىمېتىر ، تۈپ ئارىلىقى 15 سانتىمېتىر ، چوڭ-قۇرلۇقى 18 — 20 سانتىمېتىر قىلىپ تاپ ئېچىلىدۇ ياكى چۆنەك ئېلىنىدۇ . تاپ ياكى چۆنەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى بويىچە تاناب تارتىلىپ ، قەلەمچە تاپ ئىچىگە رەتلىك ، تۈز تىكىلىدۇ . ھەربىر تاپ بويىچە قەلەمچە تىكىلىپ بولغاندىن كېيىن ، يىلتىزىنى زەخىملەندۈرمەي كەتمەن بىلەن يېنىك توپا تاشلاپ دەسسەپ چىڭدىلىدۇ . قەلەمچىنى تىككەندە تۈپ-

-راق يۈزىدىن قەلەمچىنىڭ بىر تال بىخى ئېنىق چىقىپ تۇرۇشى ، قەلەمچە تىكىلىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال ئې- تىزلار بويىچە سۇغىرىلىشى لازىم . قەلەمچە تىكىلىپ بىر ئايغىچە ئوتىنى ئوتاپ ، تۇۋىنى چانماسلىق كېرەك . قە- لەمچىنى تىكىپ سۇغىرىپ 5 — 6 كۈندىن كېيىن ، ئۈس- تىگە سۇلياۋ يوپۇق ياپسا ، قەلەمچىلەرنىڭ كۆكلەش نىس- بىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرگىلى بولىدۇ .

قەلەمچە تىكىشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى قەلەمچىنى بىۋا- ستە تىكىپ باغ بىنا قىلىش . بۇ ئۇسۇلدا تىكىلىدىغان قەلەمچىلەر 1 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىلىدۇ ، قەلەمچىلەر ئىلمىي ئۇسۇلدا يىلتىز تارتقۇزۇلغاندىن كېيىن ، تۈپ ئا- رىلىقى 70 — 80 سانتىمېتىر ياكى بىر مېتىر ، قۇر ئارىلىقى 7 — 8 مېتىر قىلىپ ، قەلەمچە تىكىدىغان يەرگە 40 — 50 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئورەك كولىنىدۇ . ئورەكنىڭ تېگىگە 15 — 20 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ئور- گانىك ئوغۇت ئارىلاشتۇرۇلغان قۇرۇق توپا تۆكۈلىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ، 5 — 10 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ئەت توپا تۆكۈلۈپ ، 3 — 5 تال قەلەمچە بىر ئورەككە سېلى- نىپ ، قۇرۇق توپا تاشلاپ كۆمۈپ ، دەسسەپ چىڭدىلىدۇ . قەلەمچىنىڭ 2 تال بىخى يەر ئۈستىدە قالدۇرۇلىدۇ ، قە- لەمچىلەر قاندۇرۇپ سۇغىرىلغاندىن كېيىن ، يەر ئۈستىدى- كى قىسمى نەم توپا بىلەن نېپىز كۆمۈلۈپ ، 5 - ئاينىڭ 15 — 20 - كۈنلىرى ئېچىلىدۇ . قەلەمچىلەر كۆكلەپ بولغاندىن كېيىن ، شۇ يىلى كۈز ياكى كېلەر يىلى ئەتىياز- دا ، ھەربىر ئورەكتە بىر تال كۆچەت قالدۇرۇلۇپ ، قالغان

قىسمى باشقا جايغا يۆتكىلىدۇ . بۇ ئۇسۇلدا تىكىلگەن قە-
لەمچىلەر ياخشى پەرۋىش قىلىنسا ، يىل ئاخىرىغىچە 2 —
3 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ . تىكىلگەن قەلەمچىلەرنىڭ
پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ ۋاقتىدا تۇۋىنى بوشىتىپ ، ۋاقتىدا
ئوتاپ ، ئىككى قېتىم قوشۇمچە ئوغۇت بېرىلسە ، 2 — 3
قېتىم دورا پۈركۈپ كېسەللىك ۋە ھاشاراتلارنىڭ ئالدى
ئېلىنسا ، ئۆسۈشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ .
قەلەمچىلەر كۆكلەپ ئېگىزلىكى 30 — 40 سانتىمېتىرغا
يەتكەندىن كېيىن ، باراڭغا ئېلىپ ، ئاساسىي شاخلارنىڭ
ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، يان شاخلىرىنى پۇتاپ تۇ-
رۇش كېرەك . 8 - ئايلاردا ئۇچىنى ياندۇرۇپ ، غولىنىڭ
ياغاچلىشىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش لازىم . كۈز پەس-
لىدە قەلەمچىدىن يېتىشىپ چىققان كۆچەتلەرنى قاندۇرۇپ
سۇغىرىپ ، 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنلىرىدىن بۇرۇن كۆمۈپ
بولۇش كېرەك .

## 8 . سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش

سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشتە ، قەلەم-
چىلەر ئالدىن يىلتىز تارتقۇزۇلمىسىمۇ بولىدۇ . ئەمما ،
قەلەمچە قىلىنىدىغان نوتىلار كۈزدە ئېلىنىپ ، 1 مېتىر
ئۇزۇنلۇقتا كېسىپ 50 — 100 تالدىن باغلاپ ، قىشتا
توڭلىتىلغان بولۇشى كېرەك .

سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ قەلەمچە قىلىنىدىغان يەرلەر
چوڭقۇر ، يۇمشاق ئاغدۇرۇپ تەييارلىنىشى ، ھەر مو يەرگە
40 — 50 تاغاردىن سۈپەتلىك ئېغىل قىغى تۆكۈلگەن

بولۇشى ۋە يەرلەر تەكشى تۈزلەنگەن بولۇشى كېرەك . تال قەلەمچىسى 4 ـ ئاينىڭ 10 — 15 ـ كۈنلىرى ئەتراپىدا تىكىلىدۇ . نوتىلارنى قەلەمچە تىكىدىغان چاغدا كېسىپ ، 20 — 25 سائەت سۈزۈك سۇغا چىلاپ ئاندىن تىكىش كېرەك ، قەلەمچە چۆنەككە ئىككى رەت قىلىپ تىكىلسە بولىدۇ .

چۆنەكنىڭ كەڭلىكى 1 مېتىر ، ئېگىزلىكى 10 سانتىمېتىر بولسا ، ھەربىر چۆنەككە قۇر ئارىلىقى 40 سانتىمېتىر ، تۈپ ئارىلىقى 15 سانتىمېتىر قىلىپ ئىككى رەت قەلەمچە تىكىلسە ، زىچلىقى مۇۋاپىق بولغان بولىدۇ . قەلەمچىلەرنىڭ بىر تال بىخىنى سىرتتا قالدۇرۇش ، تىكىلىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال سۇغىرىپ ئۈستىگە كەڭ ئەنلىك سۇلياۋ يېپىش كېرەك . 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا سۇلياۋنى ئېلىۋېتىپ پەرۋىش قىلىشنى كۈچەيتىش لازىم .

## Ⅲ باب ئۆلاش ئارقىلىق كۆچەت يېتىشتۈرۈش

ئۆلاش ئارقىلىق كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئۇرۇق تېرىش ، قەلەمچە تىكىش ، نوتا باسۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەتلەر ئىچىدىن سورتى ناچار ، سۈپىتى تۆۋەن كۆچەتلەرنى ئۆلاق ئاستى ، ئەلا سورتلۇق ، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئانا تۈپلەردىن ئېلىنغان يۇمران شاخ (نوتا ) ۋە بىخ (كۆز )نى ئۆلاق ئۈستى قىلىپ ئۆلاش ئارقىلىق ئەلا سورتلۇق كۆچەتلەرنى يېتىشتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ . ئۆلاش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەتلەرنىڭ ئىرسىيەتچانلىقى مۇقىم ، ئۆسۈپ يېتىلىشى تېز ، ئەسلىدىكى ئانا تۈپلەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك ، مېۋىگە كىرىشى بالدۇر ، مەھسۇلاتى مول ، مېۋىسىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولغانلىقتىن كۆچىتىنىڭمۇ ، مەھسۇلاتىنىڭمۇ ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى ھەم بازىرى ئىتتىك . چوڭ دەرەخلەرگە قارىغاندا مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ 1 — 2 يىللىق كۆچەتلىرىنى ئۆلاش ئۇسۇلى ئاددىي ، ئۆلاش مەشغۇلاتى ئاسان بولۇپ ، ئۆلىغاندىن كېيىن ياخشى پەرۋىش قىلىنسا ، كۆكلەش ، ئەي بولۇش نىسبىتىنى 85 — 98% كە يەتكۈزگىلى بولىدۇ .

ئۆلاش ئۇسۇلى كۆچەتچىلىك ، باغۋەنچىلىك ، گۈلچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدۇ . بۇ ئۇسۇل بىلەن ياڭاق ، بادام ، چىلان ، ئۆرۈك ، ئالما ، ئانار ، شاپتۇل ، ئۈزۈم ، نەشپۈت ، جىگدە ، بېھى ، ئۈجمە ، گىلاس ، ئالۇچا ، ئەينۇلا ، كۆكسۇلتان ، بەرگى ، ئالاراھەت (ئالگرات) ، قارىئۆرۈك ، جىنەستە ، ياۋا ئامۇت ، قىزىلگۈل ، ئەتىرگۈل قاتارلىق كۆچەت ۋە گۈل - گىياھ تۈرلىرىنى ئۆلاپ ، سورتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ . 1 — 2 يىللىق كۆچەتلەرنى ئۆلاشتا ، ئاساسلىقى ياغاچلىق بىخ ئۆلاق ، «T» ، «I» شەكىللىك قوۋزاقلىق بىخ ئۆلاق ۋە پىپى ئۆلاق ئۇسۇللىرى كۆپرەك قوللىنىلىدۇ . ئۆلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەلا سورتلۇق كۆچەتلىرىنى تېز يېتىشتۈرۈش نۆۋەتتە ئەلا سورتلۇق ، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق مېۋىلىك باغلارنى بەرپا قىلىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى .

## 1 . ياڭاق كۆچىتىنى ئۆلاش

ياڭاق كۆچىتىنى ئۆلاش جىنسسىز كۆپەيتىش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، بۇ ئۇسۇلدا ئۆلانغان كۆچەتلەر بىخى ئېلىنغان ئەلا سورتلۇق ئانا تۈپلەرنىڭ ئىرسىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپلا قالماستىن ، بەلكى بالدۇر مېۋىگە كىرىدۇ . بۇ خىل كۆچەتلەرنى تىكىپ باغ بىنا قىلغاندا ، تۈپلەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرغىلى ۋە ئىقتى-

سادي قىممىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ .

### 1 . ئۇلاق ئاستىنى تاللاش

ئۇرۇقتىن ئۇنۇپ ئۆسۈۋاتقىنىغا 1 — 3 يىل بولغان ، غولى توم ، سىلىق ، تۈز ئۆسكەن ، كېسەللىك ، زىيانداش هاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمىغان ساغلام كۆچەتلەر ئۇلاق ئاستى قىلىشقا تەييارلىنىدۇ . ئۇلاق ئاستى قىلىنىدىغان كۆچەتلەر ئۇلاشتىن 10 — 15 كۈن ئىلگىرى يىلتىز ئەتراپىدىن 20 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا تاپ ئېچىپ ، قوي قىغى قاتارلىق ئورگانىك ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلانغاندىن كېيىن ، قاندۇرۇپ سۇغىرىلىدۇ . كۆچەتلەرنىڭ تۈۋى يۇمشىتىلىپ ، ئوت - چۆپلەر ئوتىۋېتىلىدۇ .

### 2 . بىخ تاللاش

ئۇلاق ئۇستىگە ئىشلىتىش ئۈچۈن ، سورت تاللاش ئورۇنلىرىنىڭ باهالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتكەن ئەلا سورتلۇق ئانا تۈپلەر (مەسىلەن «شىنجاڭمول هوسۇللۇق ياڭىقى » ، «ئاقسۇ جام 343- نومۇر » ، «ئاقسۇ كونىشەهەر 183 - نومۇر » قاتارلىقلار )نىڭ بىر يىللىق (شۇ يىللىق ) ساغلام ئۆسكەن نوتىلىرى تاللاپ كېسىۋېلىنىدۇ . ئادەتتە كېڭەيتىلىۋاتقان ئەلا سورتلۇق ياڭاقنىڭ شۇ يىللىق نوتىلىرىدىن ئۆسۈپ يېتىلىشى ساغلام ، بىخى تولۇق يېتىلگەن ، ياخشى پىشقان ، بىخ ئورنى توق ، 2 — 3 تالدىن يۇقىرى ئانىلىق بىخى بولغان نوتىلاردىن بىخ ئېلىنسا بولىدۇ . بىخ ئورنى كەمتۈك ياكى پىشىپ يېتىلمىگەن ، غولى ئىنچىكە ، ئاتىـ

لىق بىخلىرى كۆپ سۈپەتسىز نوتىلاردىن بىخ ئېلىشقا بولمايدۇ . كېسىلگەن نوتىنىڭ تۆۋەن ، ئوتتۇرا قىسىملىرىدىن بىخ ئېلىنسا ، ئۆلاغ ئۈستىدىكى بىخنىڭ كۆكلىشى تېز ، كۆكلەش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ .

## 3 . ئۇلاش ۋاقتى

ئۇلاش ۋاقتىنى پۇختا ئىگىلەش ۋە ئۇلاقچىلىقنىڭ تېخنىكا پرىنسىپلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىش لازىم . بىخ ئۇلاقنى ئۇلاش مەزگىلى بىرقەدەر ئۇزاق بولۇپ ، ئادەتتە 4- ئاينىڭ 10- كۈنلىرىدىن 7- ئاينىڭ 10- كۈنلىرىگىچە ئۇلاشقا بولىدۇ . مۇزخانىغا سېلىپ توڭلاتقان نوتىدىن بىخ ئېلىپ ئۇلاشقا توغرا كەلسە ، 4- ئاينىڭ 10- كۈنلىرىدىن 5- ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە ؛ دەرەخ ئۈستىدىن شۇ يىللىق يۇمران نوتىلارنى ئېلىپ ئۇلاشقا توغرا كەلسە ، 6- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 7- ئاينىڭ 10- كۈنلىرىگىچە ئۇلاشقا بولىدۇ . ياڭاق كۆچىتىگە بىخ ئۇلاق ئۇلاشتا ، ئەڭ ياخشىسى 6- ئاي ئىچىدە شۇ يىللىق يۇمران بىخلارنى دەرەختىن ئۇدۇللۇق كېسىۋېلىپ ، ئۇدۇللۇق ئۇلىسا ، كۆكلەش نىسبىتىنى 90 — 98% كە يەتكۈزگىلى بولىدۇ .

## 4 . ئۇلاش ئۇسۇلى

ياڭاق دەرىخىنى ئۇلاش ئۇسۇللىرى كۆپ بولسىمۇ ، ئادەتتە «I» شەكىللىك بىخ ئۇلاق ئۇلاش ئۇسۇلى كۆپ قوللىنىلىدۇ . بۇ ئۇسۇلدا ئۇلاش ئاسان ، سۈرئىتى تېز ، ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ ، ئالدىنقى يىلى ئورۇقتىن ئۈنگەن

كۆچەتلەرنىڭ ئېگىزلىكى بۇ يىل ئۇلاش مەزگىلىدىكىچە 50 — 60 سانتىمېتىردىن ئاشسىلا، بۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇلىغىلى بولىدۇ.

ئۇلاش ئۇسۇلى: ئۇلاق ئاستى قىلىدىغان كۆچەتنىڭ شۇ يىلى يېڭىدىن ئۆسكەن نوتىلىرىغا «I» شەكىللىك بىخ ئۇلاق قىلىنىدۇ، بىخ سالىدىغان جاينىڭ يۇقىرى قىسمى بىر تال يوپۇرماق قالدۇرۇپ، سەل ئۇستىدىن قايچا بىلەن كېسىپ تاشلىنىدۇ. تۆۋەنكى غولدا ئۆسكەن شاخ - يوپۇرماقلار پۈتاپ ئېلىۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلىماقچى بولغان بىخ ئۇزۇنلۇقى 2 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1.5 سانتىمېتىر چوڭلۇقتا قوۋزاق ئۇلاق پىچىقى ئارقىلىق كېسىپ چىقىرىلىدۇ. بىخ چىقىرىشتا، بىخ ئۇندۇرمىسى ياغاچ قىسمىدا قالماي، بىخ بىلەن بىللە چىقىرىلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن بىخنىڭ كەينى تەرىپىدىكى پوستى بىر ئاز شىلىۋېلىنىپ «ئۆلچىگۇچ» قىلىنىدۇ، ئاندىن «ئۆلچىگۇچ» ئۇلانماقچى بولغان نوتىغا (ئۇلاق ئاستىغا) قويۇلۇپ، ئاستى - ئۇستى بەلگە قىلىنىپ، ئۇلاق ئاستى قوۋزىقى «=» شەكلىدە كېسىلىدۇ. ئاخىرىدا «ئۆلچىگۇچ» ئېلىۋېتىلىپ، «=» سىزىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۇزۇنىسىغا بىر سىزىق تىلىپ، «I» شەكىللىك ئۇلاق ئورنى تەييارلىنىدۇ. بىخنىڭ ئىككى ياندىكى كېسىلگەن تەرىپىنىڭ تاشقى پوستى پىچاق بىلەن يانتۇ قىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، «I» شەكلىدىكى ئۇلاق ئاغزىغا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ كىرگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلاق مەخسۇس ئىشلەنگەن سۇلياۋ شوينا بىلەن بىخنىڭ ئۇستى

تەرىپىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ يوچۇق قويماي چىك تېڭىلىدۇ ،
تاڭغاندا بىخنىڭ كۆزى سىرتقا چىقىرىپ قويۇلىدۇ . بىخنى
ئىمكانقەدەر ياش ، ئوتتۇرا ياشلىق دەرەخلەردىن ئېلىش ،
ئۇلاشقا تەييارلانغان بىخلارنى ئىككى كۈندىن ئارتۇق تۇر-
غۇزماسلىق كېرەك . ئۇلاق ئۇلىنىپ 9 — 12 كۈندە بىخ
سېلىنغان جاي پۇتۇشكە باشلايدۇ . ئۇلانغان بىخلار يېڭى
نوتا چىقارغاندىن كېيىن ، شۇ يىلى مېۋىلەيدىغان ئەھۋالمۇ
كۆرۈلىدۇ . بۇ چاغدا نوتىلارنىڭ ئوسۇشىنى ئىلگىرى سۈ-
رۈش ئۈچۈن ، مېۋىسىنى پۈتاپ ئېلىۋېتىش كېرەك . كۆ-
چەتلەر ئۇلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، 10 — 15 كۈنگىچە
سۇغارماسلىق كېرەك . ئۇلانغان بىخنىڭ كۆكلەيدىغان -
كۆكلىمەيدىغانلىقىنى 10 — 13 كۈندە بىلگىلى بولىدۇ .
بىخ چوڭىيىپ ، بىخ ئورنى يېشىل تۇرغان بولسا ، ئۇلاق
تۇتقان ھېسابلىنىدۇ . ئەگەر بىخ ئورنى قورۇلۇپ ، بىخ
قارىداپ قالغان بولسا ، دەرھال كېسىۋېتىپ قايتىدىن بىخ
سېلىپ ئۇلاش لازىم . ياڭاق كۆچەتلىرىنى ئۇلاش ئۇسۇللى-
رى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ ، ئوقسىمان بىخ ئۇلاق ، كۋادرات
شەكىللىك بىخ ئۇلاق ، نەيچىسىمان بىخ ئۇلاق ، «T » شە-
كىللىك بىخ ئۇلاق ، ياغاچلىق بىخ ئۇلاق ، «[ » شەكىللىك
بىخ ئۇلاق ، ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك بىخ ئۇلاق ، ھالقىسىمان
بىخ ئۇلاق قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەنمۇ ئۇلاپ كۆكلەتكىلى
بولىدۇ . لېكىن ، مەشغۇلات تەرتىپى ئاددىي ، ئۇلاش ئۇسۇ-
لى ئاسان ، ئىش ئۈنۈمى تېز ، كۆكلەش نىسبىتى ئەڭ
يۇقىرى بولىدىغان ئۇسۇل يەنىلا «I » شەكىللىك بىخ ئۇلاق-
تۇر . ئادەتتە 1 — 3 يىللىق ياڭاق كۆچەتلىرىنى

مۇشۇ ئۇسۇلدا ئۆلىغان ياخشى .

## 5 . پەرۋىش قىلىش

ئۈلانغان بىخ 3 — 5 سانتىمېتىر نوتا چىقارغاندىن كېيىن ، ئۇلاق ئاغزىدىن 2 سانتىمېتىر ئەتراپىدا قالدۇرۇپ قالغان قىسمى كېسىپ تاشلىنىدۇ . 15 — 20 سانتىمېتىر ئۈسكەندە تېكىلغان سۇلياۋ شوينا بوشىتىپ قويۇلسا ياكى ئېلىۋېتىلسە بولىدۇ .

ئۇلانغان كۆچەتلەرنىڭ پەرۋىشىنى چىڭ تۇتۇپ ، سۇغىرىش ، تۇۋىنى يۇمشىتىش ، ئوتاش ، قوشۇمچە ئوغۇتلاش ، ئۇششۇكتىن ساقلاش ، قىشتىن ئۆتكۈزۈش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى ياخشى ئىشلەش لازىم . ئەگەر ئۇلىغان كۆچەتلەرنى كۈز كىرگۈچە 7 — 8 قېتىم سۇغىرىپ ، 2 — 3 قېتىم قوشۇمچە ئوغۇتلاپ ، 5 — 6 قېتىم تۇۋىنى يۇمشىتىپ ياخشى پەرۋىش قىلسا ، ئۇلانغان بىر يىللىق كۆچەتلەرنىڭ ئېگىزلىكىنى 1.5 مېتىرغا ، ئىككى يىللىق كۆچەتلەرنى 2 — 2.5 مېتىرغا يەتكۈزگىلى بولىدۇ . ئۇلانغان كۆچەتلەرنىڭ ئۇچىنى 8- ئاينىڭ باشلىرىدا ئازراق كېسىپ تاشلاپ ، نوتىلارنىڭ ياغاچلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ، 11- ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا بىر قېتىم توڭ سۇيى قويۇپ ، 11- ئاينىڭ 20 — 25- كۈنلىرىدىن بۇرۇن كۆچەتلەرنى كۆمۈپ قىشتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك . ئۇلىغان ياڭاق كۆچەتلىرىنى كۈزدە كۆمگەندە ۋە ئەتىيازدا ئاچقاندا قاتتىق ئېھتىيات قىلىش ، نوتىلارنىڭ ئۇلاق تۇۋىدىن يېرىلىپ كېتىشى ، سۇنۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم .

## 2 . بادام كۆچىتىنى ئۇلاش

بادامنى ئۇلاپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشنىڭ ئارتۇقچىلىقى كۆپ ، ئۇلاش ئۇسۇلى ئاددىي ، ئۇلانغان كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈشى تېز ، ئەي بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ ، ئەلا سورتلارنىڭ ئۆز خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك . جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بادام ئۆستۈرۈلىدىغان رايونلىرىدا ھەر خىل بادام ، شاپتۇل سورتلىرىنىڭ ئۇرۇقىدىن تېرىپ يېتىشتۈرۈلگەن 1 — 2 يىللىق كۆچەتلىرىنى ئۇلاق ئاستى قىلىپ ، ئەلا سورتلۇق بادام دەرەخلىرىدىن بىخ ئېلىپ ئۇلاش ئارقىلىق ئەلا سورتلۇق بادام كۆچىتى يېتىشتۈرۈلىدۇ .

### 1 . ئۇلاق ئاستىنى تاللاش

بادامنىڭ ئۇلاق تۈپىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاش ئىنتايىن مۇھىم . چۈنكى ، كۆچەتلەر ئۇلانغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ، مېۋە بېرىشى ، كېسەللىك ، زىيانداش ھاشاراتلارغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە تەبىئىي شارائىتقا بولغان ماسلىشىشچانلىقى قاتارلىقلارغا ئۇلاق تۈپى ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ . ئۇلاق ئاستىنى تاللاشتا ، ئۇلاق ئاستى بىلەن ئۇلاق ئۈستى قىلىنغۇچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىن ياكى يىراقلىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلىش لازىم . بادام دەرەخلىرىنىڭ

ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى قانچە يېقىن بولسا، ئۇلانغاندىن كېيىن، كۆكلەش ئۇنۇمىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلاق ئاستىنى تاللاشتا، ئۇرۇقىدىن تېرىپ يېتىشتۈرۈلگەن تاش بادام، ئاچچىق بادام، شاپتۇل بادام، شاپتۇل قاتارلىقلارنىڭ 1 — 2 يىللىق كۆچەتلىرىنى تاللاپ ئۇلاق ئاستى قىلىش لازىم. ئۆرۈك، ئالۇچا، قارىئۆرۈك، ئەينۇلا، گىلاس قاتارلىقلارنى ئۇلاق ئاستى قىلىپ تاللاشقا بولمايدۇ.

## 2 . ئۇلاق ئۇستىنى تاللاش

بادام سورتلىرىنىڭ ئىچىدە قەغەز شاكاللىق بادام، ئارا قەغەز شاكاللىق بادام ۋە ئارا شاكاللىق بادامىلارنىڭ مەھسۇلاتى يۇقىرى، ھەر خىل تەبىئىي شارائىتلارغا بولغان ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، قىسقا مېۋە شاخلىرىدا مېۋىلەشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاساسلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان بادام سورتلىرىدىن چوڭ بادام، قەغەز شاكاللىق چىلگە بادام، پىستە بادام، ياپىلاق بادام، قوش مېۋىلىك بادام، قەغەز شاكاللىق قوشماق مېغىزلىق بادام، ئارا شاكاللىق مازا بادام قاتارلىقلار بار. بۇ سورتلارنىڭ مەھسۇلاتى مۇقىم، شاكىلى نېپىز، مېغىزى تەملىك بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا مېۋىسى قىسقا مېۋە شاخلىرىغا ئورۇنلاشقان بولىدۇ. يۇقىرىقى سورتلار ئىچىدىن ئاساسلىق سورتلارنى ئىككى نىسبەتتە، قوشۇمچە چاڭلاشتۇرغۇچى سورتلارنى بىر نىسبەتتە ئۇلاق ئۇستى قىلسا، دەرەخلەرنىڭ سورتىغا ۋە مېۋە مەھسۇلاتىنىڭ مىق-

دارىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ .

### 3 . بىخ تاللاش

بولۇق مېۋىلەش باسقۇچىغا كىرگەن 8 — 15 يىللىق ئۆسۈش تارىخىغا ئىگە ئەلا سورتلۇق بادام دەرەخلىرى ئىچىدىن باراقسان ئۆسكەن ، تېنى ساغلام ئانا تۈپلەرنى تاللاپ ، بىر يىللىق نوتىلار كېسىپ يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن بىخ ئېلىپ ئۇلىنىدۇ ، نوتىلارنى تاللاپ كېسىشتە ، دەرەخ تاجىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ سىرتىدىن ، يەنى كۈن نۇرى تولۇق چۈشكەن تەرەپتىن تاللاپ يىغىۋېلىش لازىم .

### 4 . ئۇلاش مەزگىلى

ئۇلاق ئاستى قىلىنىدىغان 1 — 2 يىللىق كۆچەتلەرنى ئەتىياز ، ياز ، كۈز پەسىللىرىدە ئۇلاشقا بولىدۇ . 3- ئاينىڭ 20- كۈنلىرىدىن 4- ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە مەخسۇس توڭلىتىپ ساقلانغان نوتىدىن بىخ ئېلىپ بىخ ئۇلاق ئۇلاشقا بولىدۇ . 5- ئاينىڭ 25- كۈنلىرىدىن 7- ئاينىڭ 10- كۈنلىرىگىچە دەرەخ ئۈستىدىن ئۇدۇللۇق نوتا ئېلىپ ، ئۇدۇللۇق بىخ ئۇلاق ئۇلىنىدۇ . 9- ئاينىڭ باش ۋە ئاخىرلىرىدا كۈزلۈك بىخ ئۇلاق ئۇلاشقا بولىدۇ . بادام كۆچەتلىرى كۆپىنچەھاللاردائەتىيازۋەيازپەسلىدە كۆپرەك ئۇلىنىدۇ .

### 5 . ئۇلاش ئۇسۇلى

ئەتىيازلىق ، يازلىق ، كۈزلۈك بىخ ئۇلاق ئۇلاشنىڭ ئۇسۇللىرى مۇنداق : بىخ ئۇلاق ئۇچۇن دىئامېتىرى

0.5 — 1.5 سانتىمېتىر كېلىدىغان 1 — 2 يىللىق كۆچەتلەرنى ئۆلاق ئاستى قىلىشقا بولىدۇ. بىخ ئۆلاق قىلىشتا «T» شەكىللىك ئۆلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئالدى بىلەن ئۆلاق ئاستى قىلىنىدىغان كۆچەتنىڭ شاخلىرى يەر يۈزىدىن 15 — 20 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە قايچا بىلەن كېسىپ تاشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، كېسىلگەن كۆچەتنىڭ ئۇچىدىن 2 سانتىمېتىر قالدۇرۇپ، غولى تۈز، سىلىق يەر تاللىنىپ، كۆچەتنىڭ قوۋزىقى ئۆلاق پەچەقى بىلەن «T» شەكلىدە تىلىنىپ ئېغىز ئېچىلىدۇ. ئارقىدىنلا ئۆلاق ئۈستى بىخى نوتىدىن شىلىپ ئېلىنىپ، «T» شەكىللىك ئورۇنغا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ سېلىنىدۇ. بىخنىڭ كۆزى سىرتتا قالدۇرۇلۇپ، قالغان قىسمى سۇلياۋ شوينا بىلەن يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چىڭ تېڭىپ قويۇلىدۇ. ئۆلانغان بىخ 2 — 3 سانتىمېتىر كۆكلەپ چىققاندا تېڭىلغان تېڭىق يېشىۋېتىلىدۇ. كۈز پەسلىدە ئۆلانغان كۆچەتلەرنىڭ تېڭىقى ئەتىياز پەسلىدە بىخ كۆكلەپ چىققاندىن كېيىن يېشىۋېتىلسە بولىدۇ.

### 6. پەرۋىش قىلىش

كۆچەتلەر ئۆلانغاندىن كېيىن، ئۆلاق تۈپىنىڭ ئەسلىدىكى غولىدىن ئۈسۈپ چىققان ياۋا شاخلارنى ۋاقتىدا يۇتاپ تۇرۇش كېرەك. كۆچەتلەرنى ئۆلاپ بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، تۈۋىدىن تاپ ئېچىپ 1 — 2 قېتىم قوشۇمچە ئوغۇت بېرىش، 6 — 7 قېتىم سۇغىرىپ، 5 — 6 قېتىم تۈۋىنى چاناپ، ئوتىنى ئوتاپ پەرۋىشىنى كۈچەيتىش كې-

رەك . 9- ئاينىڭ 20- كۈنلىرى ئەتراپىدا سۈيىنى توختى-
تىپ ، ئۈچىنى قىرقىۋېتىش ، 11- ئاينىڭ 10 — 20-
كۈنلىرى ئارىلىقىدا كۆزلۈك سۇ قويۇپ ، كۆچەتلەرنى
قىشتىن ئۆتكۈزۈش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك .

## 3 . چىلان كۆچىتىنى ئۇلاش

چىلان كۆچىتىنى ئۇلاش دېگەندە ، شىنجاڭ باغ چىلى-
نى (يۇمىلاق كىچىك چىلان ) ، ئاچچىق چىلان ( ياۋا چى-
لان ) ، قاپاق چىلان (سوقا چىلان ) قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇ-
قىدىن تېرىپ يېتىشتۈرۈلگەن 1 — 2 يىللىق كۆچەتلەرنى
ئۇلاق ئاستى قىلىپ ، ئەلا سورتلۇق چىلانغا ئۇلاش كۆزدە
تۇتۇلىدۇ . چىلان كۆچەتلىرىنى ئۇلاش ئۇسۇللىرى بىرقە-
دەر كۆپ ، ئەمما بەزى ئۇسۇللارنىڭ مەشغۇلاتى مۇرەككەپ
بولۇپ ، كەڭ تۈردە قوللانماق قىيىن ، شۇڭا بۇلارنىڭ
ئىچىدە قوللىنىش دائىرىسى كەڭ ، ئۇلاش ئۇسۇلى ئاددىي ،
كۆكلەش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولغانلىرىدىن يا-
غاچلىق بىخ ئۇلاق ۋە «T» شەكىللىك قوۋزاقلىق بىخ
ئۇلاقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل بار .

### 1 . ئۇلاق ئۈستىنى تاللاش

ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تەكشۈ-
رۈپ بېكىتكەن ۋە كېڭەيتىشكە بولىدۇ دەپ قارىغان ئەلا
سورتلارنى تاللاپ ئۇلاق نوتىسى ئېلىش لازىم . ئادەتتە

ھەرقايسى جايلاردا ئۆستۈرۈلۈۋاتقان ياخشى سورتلار ئىچىدىن دانىسى چوڭ ، ئېتى قېلىن ، ئۇرۇقى كىچىك ، پوستى نېپىز ، قەنت تەركىبى يۇقىرى ، ئېتى چۇرۇك ، ئېلاستىكلىقى ياخشى ، يۆتكەشكە قولايلىق ھەم ھۆل ئىستېمال قىلىشقا ، ھەم قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىشقا بولىدىغان ئەلا سورتلۇق ئانا تۈپلەرنى تاللاپ نوتا ئېلىش كېرەك . شىنجاڭنىڭ يەرلىك چىلان سورتلىرىدىن قومول چىلىنىنى ئاساس قىلىش ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلتۈرۈپ يەرلەشتۈرۈلگەن سورتلاردىن نەشپۈتسىمان چىلان ، ئالمىسىمان چىلان ، ئۇرۇقسىز چىلان ، دۇنخۇاڭ چىلىنى ، زەنخاڭ چوڭ چىلىنى ، شياڭزاۋ چىلىنى ، چۈنزاۋ چىلىنى قاتارلىقلاردىن ئەڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ نوتا يىغىدىغان ئانا تۈپ قىلىش لازىم .

## 2 . نوتا يىغىش

نوتا ئالىدىغان سورتلار بېكىتىلگەندىن كېيىن نوتا يىغىشنى باشلاش لازىم . ئەتىيازدا ياغاچلىق بىخ ئۇلاقا ئىشلىتىلىدىغان نوتىلارنى 2- ئاينىڭ باشلىرىدىن 3- ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە كېسىۋېلىپ ، مۇزخانىدا ياكى سايە يەردىن ئورا كولاپ ، نەم قۇم بىلەن توڭلىتىپ ، 4- ئاينىڭ 10- كۈنلىرىگىچە نوتىنىڭ نەملىكىنى نورمال ساقلاش لازىم . ياغاچلىق بىخ ئۇلاقا ئىشلىتىلىدىغان نوتىلار ئالدىنقى يىلى قاۋۇل ئۆسكەن ، بىخى تولۇق ، ساغلام يېتىلگەن بىر يىللىق شاخلاردىن يىغىۋېلىنسا بولىدۇ ، يازلىق ياغاچلىق بىخ ئۇلاق ۋە «T » شەكىللىك قوۋزاقلىق بىخ

ئۇلاققا ئىشلىتىدىغان نوتىلار ئۇلاش مەزگىلىدە ئۇدۇللۇق يىغىۋېلىپ، ئۇدۇللۇق ئۇلانسا بولىدۇ. بۇ خىل نوتىلار شۇ يىلى يېڭىدىن ئۆسۈپ، ساغلام يېتىلگەن يۇمران شاخ-لاردىن كېسىۋېلىنىدۇ.

## 3. ئۇلاق ئاستىنى تاللاش

ئۇلاق ئاستى قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن 15 — 20 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتىكى دىئامېتىرى 0.8 — 2 سانتى-مېتىر بولغان ساغلام ئۆسۈۋاتقان 1 — 2 يىللىق يۇمران كۆچەتلەر تاللىۋېلىنىدۇ. ئۇلاشتىن 8 — 10 كۈن ئىلگە-رى كۆچەتلەر قاندۇرۇپ سۇغىرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلىنىدىغان كۆچەتلەرنىڭ غول شاخلىرى ئۇدۇللۇق يەر ئۈستىدىن 15 — 20 سانتىمېتىر قالدۇرۇپ قايچا بىلەن كېسىپ تاشلىنىدۇ. ئاستىنقى غولىدىكى شاخ - پۇتاقلىرى قىرقىپ تاشلىنىپ ئۇلاشقا تەييارلىنىدۇ.

## 4. ئۇلاش مەزگىلى

1 — 2 يىللىق چىلان كۆچەتلىرىنى 4- ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 5- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ياغاچلىق بىخ ئۇلاق، 5-ئاينىڭ 25- كۈنلىرىدىن 7- ئاينىڭ 10 — 15 - كۈنلىرى-گىچە ياغاچلىق بىخ ئۇلاق ۋە «T» شەكىللىك قوۋزاقلىق بىخ ئۇلاق، 9- ئاينىڭ 1- كۈنلىرىدىن 20- كۈنلىرى-گىچە «T» شەكىللىك قوۋزاقلىق بىخ ئۇلاق ئۇلاشقا بولىدۇ.

ياغاچلىق بىخ ئۇلاق ئۇسۇلىنى ئەتىيازدا ۋە يازدا قول-

لىنىشقا بولىدۇ ، ئەتىيازدا قوللانغاندا مۇزخانىدا ياكى ئو-
رىدا توڭلىتىپ ساقلانغان بىخ ئىشلىتىلىدۇ . يازدا قوللان-
غاندا بىر ياقتىن نوتا ئېلىپ ، بىر ياقتىن ئۇلاش ئېلىپ
بېرىلىدۇ . ئۇرۇقلۇق نوتىلار مەيلى قىشتا ئېلىنغان بول-
سۇن ياكى يازدا ئېلىنغان بولسۇن ، شامال تېگىپ قالمى-
غان ، سېسىپ كەتمىگەن ، بىخ ئورنى زېدە بولۇپ قالمى-
غان ، قىسقىسى ، ياخشى ساقلانغان بولۇشى كېرەك .

## 5 . ئۇلاش ئۇسۇلى

چىلان كۆچىتىنى ئۇلاشتا ، دىئامېتىرى 2 سانتىمې-
تىردىن تۆۋەن بولغانلىرىغا «T » شەكىللىك ياغاچلىق بىخ
ئۇلاق ۋە «T » شەكىللىك قوۋزاقلىق بىخ ئۇلاق ئۇلاش
ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ .

1 . «T » شەكىللىك ياغاچلىق بىخ ئۇلاق ئۇلاش

ئۇلاش ۋاقتى 4- ئاينىڭ 10- كۈنلىرىدىن 5- ئاينىڭ
ئاخىرلىرىغىچە بولىدۇ . بۇ مەزگىلدە مۇزخانىدا ياكى ئورى-
دا توڭلىتىپ ساقلانغان ساغلام نوتىلاردىن بىر تال بىخ
قوۋزاق ئورنىدىكى ياغاچلىق قىسمى بىلەن نېپىز يونۇپ
ئېلىنىپ ، ئۇلاق ئاستىدىكى پىچاق بىلەن يېرىلغان «T »
شەكىللىك قوۋزاق ئىچىگە ئاۋايلاپ كىرگۈزۈلىدۇ . ئۇنىڭ-
دىن كېيىن ، ئۇلاق سۇلياۋ شوينا بىلەن ئۈستىدىن ئاستى-
غا قارىتىپ ھەم تېڭىلىدۇ . 5- ئاينىڭ 25- كۈنلىرىدىن
7- ئاينىڭ 10- كۈنلىرىگىچە ئۇلىنىدىغان كۆچەتلەر-
نىمۇ «T » شەكىللىك بىخ ئۇلاق قىلىپ ئۇلاشقا بولىدۇ .
بۇ مەزگىلدە شۇ يىلى يېڭىدىن ئۆسۈپ چىققان يېرىم ياغاچ-

لانغان ساغلام نوتىلار ئۆلاق ئۈستى قىلىنىدۇ . بۇنى ئۆ-
لاش ، تېڭىش ئۇسۇلى يۇقىرىقىدەك بولىدۇ . ياغاچلىق بىخ
ئۆلاق ئۇسۇلى بىلەن ئۆلانغان كۆچەتلەردىكى بىخلارنىڭ
كۆكلەپ چىقىشىغا ئۇزاقراق ۋاقىت كېتىدۇ . ئەمما ، كۆك-
لىۋالسا ئۆسۈشى تېز بولىدۇ . كۆكلەش ۋاقتىنى قىسقار-
تىش ئۈچۈن ، بىخ بىلەن كېسىپ ئېلىنغان ياغاچلىق قىس-
مىنى نېپىز ۋە تۈز ئېلىش كېرەك .

2 . «T» شەكىللىك قوۋزاقلىق بىخ ئۆلاق

بۇ ئۇسۇل يازدا ۋە كۈز پەسلىدە كەڭ تۈردە قوللىنى-
لىدۇ . ۋاقىت جەھەتتىن ، يازلىق ئۆلاق 5- ئاينىڭ 25-
كۈنلىرىدىن 7- ئاينىڭ 15- كۈنلىرىگىچە ، كۈزلۈك ئۆلاق
8- ئاينىڭ 25- كۈنلىرىدىن 9- ئاينىڭ 20- كۈنلىرىگىچە
ئېلىپ بېرىلىدۇ .

ئۆلاق ئاستىنىڭ ئۆلاق ئورنى (قوۋزىقى ) توغرىسىغا
0.8 — 1 سانتىمېتىر «—» شەكىلدە كېسىلگەندىن كې-
يىن ، «—» شەكىللىك سىزىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئاستىغا
قارىتىپ «1» شەكىلدە يەنە 2 سانتىمېتىرچە كېسىلىدۇ .
بۇ چاغدا ئۆلاق ئاستىنىڭ قوۋزىقىدا «T» شەكىللىك ئۆلاق
ئورنى هاسىل بولىدۇ . ئاندىن ئۆلاق نوتىسى كەڭلىكى
0.5 — 0.6 سانتىمېتىر ،ئۇزۇنلۇقى 1.5 — 2 سانتى-
مېتىر كېسىلىپ ، بىر تال بىخ قوۋزاق بىلەن سويۇپ
ئېلىنىدۇ . بىخنى ياغاچتىن سويۇپ ئالغاندا بىخنىڭ ئىچى-
دىكى مېغىزىنى ياغاچتىن تولۇق ئاجرىتىپ ئېلىشقا دىققەت
قىلىش لازىم . بىخنىڭ مېغىزى بولمىسا ئۆلاق كۆكلىمەي-
دۇ . ئېلىنغان بىخ ئۆلاق ئاستىدىكى «T» شەكىللىك

ئورۇنغا سېلىنغاندىن كېيىن ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ سۇلياۋ شوينا بىلەن مەھكەم تېڭىش كېرەك .

## 6 . پەرۋىش قىلىش

چىلان كۆچەتلىرىنى ئۇلاپ 15 — 20 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئومۇميۈزلۈك بىر قېتىم تەكشۈرۈپ ، كۆكلىمىگەن ۋە كۆكلەش ئىمكانىيىتى بولمىغان كۆچەتلەرنى قايتا ئۇلاش كېرەك . كۆچەتلەرنى ئۇلىغاندىن كېيىن 15 — 20 كۈنگىچە سۇغارماسلىق ، ئۇلاق ئورنىنىڭ سىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، بىرمەھەل چىڭقاپ سۇغارماسلىق كېرەك . ئۇلاقنىڭ ئاستىدىكى ۋە ئۈستىدىكى غول - پوتاقلاردىن ئۆسۈپ چىققان ياۋا بىخلارنى ۋاقتىدا پۇتاپ تۇرۇش ، ئۇلىغان كۆچەتنىڭ نوتىسى 3 — 5 سانتىمېتىر ئۆسكەندە سۇلياۋ تېڭىقنى يېشىۋېتىش ، 20 — 30 سانتىمېتىر ئۆسكەندە ، ئۇلاق ئاستىغا شاخ - تاياق تېڭىپ ، ئۇلاق نوتىلىرىنى بوران سۇندۇرۇۋېتىشتىن مۇداپىئە كۆرۈش كېرەك . كۆچەتلەر 6- ئاي ئىچىدە ئۇلانسا ، ئۇنىڭ كۆكلەش نىسبىتى 95% تىن يۇقىرى بولىدۇ ، بىر يىلدىكى ئېگىزلىكى 1.5 مېتىرغا يېتىدۇ . ئومۇمەن ، چىلان كۆچەتلىرىنى ئۇلىغاندىن كېيىن ، كۆكلەش ، ئەي بولۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى پەرۋىش قىلىشنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . شۇڭا ، كۆچەتلەرنى ئۇلىغاندىن كېيىن ، تاڭغان سۇلياۋنى يېشىۋېتىش ، هارام شاخلىرىنى پۇتاش ، ئۇچىنى ياندۇرۇش ، يېنىغا تىرەك قويۇش قاتارلىق پەر-

ۋىش ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلىگەندىن باشقا، توپىسىنى بوشىتىش، سۇغىرىش، ئوتىنى ئوتاش، قوشۇمچە ئوغۇتلاش، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلاردىن ساقلاش، كۆچەتلەرنىڭ قىش پەسلىدە سۇسىزلىنىشتىن ئۈششۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

كۆچەتلەر ئۇلانغاندىن كېيىن، ئىككى قېتىم قوشۇمچە ئوغۇتلاپ بويىغا ۋە توغرىسىغا ئۆسۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش لازىم. كۈز پەسلىدە 11- ئاينىڭ 20- كۈنلىرىدىن كېيىن قىشلىق توڭ سۈيى قويۇپ، كۆچەتلەرنىڭ ئۈششۈپ كېتىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش كېرەك.

## 4 . ئۈزۈم تېلىنى ئۇلاش

ئۈزۈم تېلىنى ئۇلاش ئاپتونوم رايونىمىزدا 60 - يىللاردىن كېيىن كىچىك دائىرىدە تەجرىبە قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئۇسۇللارنىڭ بىرى بولۇپ، 80 - يىللاردا كېڭەيتىلىپ بىر قىسىم جايلاردا قوللىنىلغان. 90 - يىللاردا ئۈزۈم تېلىنى ئۇلاشنىڭ تۈرلۈك ئىلغار ئۇسۇللىرى بارلىققا كېلىپ، ئۈزۈمنىڭ سورتلۇق كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. ھازىر ئۇنىڭ بىرنەچچە خىل ئۇسۇللىرى ئۈزۈمنىڭ سورتلۇق كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۈزۈم سورتلىرىنى ياخشىلاشتا كەڭ قوللىنىلىدىغان بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇلاش ئۇسۇلى ئاددىي، ئۇلاش سۈرئىتى تېز، كۆكلەش ئۈنۈمى بىرقەدەر

ياخشى بولغانلىرىدىن شاخ ئۇلاق ،يارما ئۇلاق ،تىل ئۇلاق ، چاپلىما ئۇلاق ، بىخ ئۇلاق قاتارلىق ئۇسۇللار بار .

## 1 . ئۇلاق ئۇستىنى تاللاش

ئۈزۈم تېلىنى ئۇلاشتا ، ئۇلاق ئۇستى قىلىنىدىغان ئەلا سورتلارنى ياخشى تاللاش كېرەك . مەيلى شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئۈزۈم سورتلىرى بولسۇن ياكى ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەللەردىن كىرگۈزۈپ ئۆستۈرۈلگەن سورتلار بول-سۇن ، ئۇنىڭ شۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ماسلىشىش ئىقتىدارى ، سورت ۋە سۈپىتىنىڭ ھەقىقەتەن ياخشىلىقى ، مېۋىسىنىڭ تاتلىقلىقى ، رەڭگىنىڭ كۆركەملىكى ، قەنت تەركىبىنىڭ يۇقىرىلىقى ، ساقلاش ـ يۆتكەشكە قۇلايلىقلى-قى ، پىششىقلاپ ئىشلەشكە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقى ، ھۆل ياكى قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىشقا بولىدىغانلىقى ، مەملى-كەت ئىچى ۋە خەلقئارا بازارنىڭ شۇ خىل سورتقا بولغان ئېھتىياجى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى قاتارلىقلارنى تولۇق ھېسابقا ئېلىپ ، ئەڭ ياخشى سورتلارنى تاللاپ ، ئۇلاپ كۆپەيتىش كېرەك . ئومۇمەن ، ئاپتونوم رايونىمىز-نىڭ يېزا ئىگىلىك ، باغۋەنچىلىك ، پەن تەتقىقات تارماقلى-رى تەرىپىدىن «كېڭەيتىشكە بولىدۇ »دەپ بېكىتىلگەن ئەلا سورتلارنى تاللاپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش ياكى شۇ خىل سورتلارنى كېڭەيتىش لازىم .

## 2 . نوتا تاللاش ۋە يىغىش

ئۇلاق ئاستى ۋە ئۇلاق ئۇستى نوتىلىرى كېسەللىك ،

ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىمىغان ، قاۋۇل ، ساغلام ئۆسكەن شۇ يىللىق يېڭى نوتىلاردىن بولۇش كېرەك . ئەمما ، ئۇ-زۇمنى يارما ئۇلاق ئۇلاش شۇ يىللىق نوتىلاردىن باشقا 2 — 3 يىللىقتىن يۇقىرى چوڭ تۈپلەرگىمۇ مۇۋا-پىق كېلىدۇ . شۇ يىللىق يۇمران نوتىلارنى ئۇلاشتا ئۇلاق ئاستى ۋە ئۇلاق ئۈستى نوتىلىرىنىڭ تومۇلۇقى ئوخشاش بولسا ، كۆكلەش ئۈنۈمىمۇ يۇقىرى بولىدۇ .

## ئۇلاش مەزگىلى ۋە ئۇلاش ئۇسۇلى

ئۈزۈم تېلى ئەتىيازدا (3 - ، 4 - ئايلاردا) ، كۆپىنچە ھاللاردا يازدا (6 - ، 7- ئايلاردا) ئۇلىنىدۇ . ئۈزۈم تاللى-رىنى ئۇلاشتا 4 — 5 كۈن ئىلگىرى بىر قېتىم سۇغى-رىپ ، تۈۋىدىكى ئوت - چۆپلەرنى يۇلۇپ تازىلىۋېتىش لازىم . شۇ يىللىق يۇمران نوتىلار ئەتىگەن ياكى كەچ تەرەپلەردە ئۇلانسا ئۈنۈمى ياخشىراق بولىدۇ . ئۇلىنىغاندا نوتىنى (بىخنى) ئۇدۇللۇق ئېلىپ ، ئۇدۇللۇق ئۇلاش ، ئەگەر نوتا ئالىدىغان يەرنىڭ ئارىلىقى يىراق بولۇپ ، بىر قېتىمدا كەلتۈرۈلگەن نوتا كۆپرەك بولسا ، شۇ كۈنى ئۇلاپ ئېشىپ قالغان نوتىلارنى سوغۇق ، سايە يەردە نەم قۇمغا كۆمۈپ ساقلاش كېرەك .

كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇلاش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە :

1 . يارما ئۇلاق (شاخ ئۇلاق)

بۇ ئۇسۇل ئۈزۈمنىڭ چوڭ تۈپلىرىگىمۇ ، شۇ يىللىق يۇمران نوتىلىرىنى ئۇلاشقىمۇ باب كېلىدۇ . بۇ ئۇسۇلنى

چوڭ تۆپلەرگە قوللانغاندا ،ئالدى بىلەن ئۆلاق ئاستى يەر- دىن 10 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە كېسىپ تاشلىنىدۇ .ئۆلاق ئاستىنىڭ كېسىلگەن كۆتىكى 3 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئوتتۇرىدىن يېرىلىدۇ ، ئاندىن 5 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىپ تەييارلانغان بىخ يېرىپ تەييارلانغان ئۆلاق ئاستىغا سانجىلىپ ، سۇلياۋ شوينا بىلەن تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىـ- تىپ مەھكەم تېڭىلىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە نەم توپا تۆكۈ- لۈپ ، ئۆلاقلىق بىخ سۇرگەندىن كېيىن ئېلىۋېتىلىدۇ . ئۈلىغاندا بىر تال بىخ ئۆلاق ئاستىدىن 2 — 3 سانتىمېتىر ئۈستىگە چىقىپ تۇرۇشى كېرەك .

ئۇزۇم تېلىنى شۇ يىللىق يېرىم ياغاچلانغان ، كۆك يۇمران نوتىلىرىنى ئۆلاق ئاستى قىلىپ يارما ئۆلاق ئۆلاشقا بولىدۇ . ئەمما ، ئۆلاق ئاستى بىلەن ئۆلاق ئۈستىنىڭ تومـ- لۇقى ئوخشاش بولۇشى كېرەك . ئۆلاش ئۇسۇلى : ئالدى بىلەن ئۆلاق ئاستى قىلىنىدىغان نوتىنىڭ شېخى 20 سانتىـ- مېتىر ئېگىزلىكتە كېسىپ تاشلىنىدۇ . كەسمە يۈزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ پىچاق بىلەن 3 سانتىمېتىر يارغاندىن كېيىن ، 6 — 8 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېـ- سىپ ، ئىككى يان تەرىپىدىن 3 سانتىمېتىر شىلىپ (شىنا شەكلىدە ) تەييارلانغان ئۆلاق ئۈستى نوتىسى ئۆلاق ئاستىـ- نىڭ يېرىلغان يېرىگە ئاۋايلاپ كىرگۈزۈلىدۇ ، ئاندىن بىخ ئورنى ئوچۇق قالدۇرۇلۇپ ، قالغان جايلىرى سۇلياۋ شوينا بىلەن چىڭ تېڭىلىدۇ .

2 . بىخ ئۆلاق (چاسا بىخ ئۆلاق )

ئۇزۇمنى چاسا بىخ ئۆلاق ئۆلاش ئۇسۇلى شۇ يىللىق

يۇمران نوتىلارغا قوللىنىلىدۇ .ئالدى بىلەن ئۇلاق ئۇستى قىلىنىدىغان يۇمران نوتىدىن ئۇزۇنلۇقى 2 سانتىمېتىر ، توغرىسى 1 سانتىمېتىر قىلىپ چاسا شەكلىدە بىخ كېسىۋې- لىنىدۇ ،ئاندىن ئۇلاق ئاستى قىلىنىدىغان نوتىنىڭ سىد- لىق ،تۈز ،تومراق كەلگەن يېرىدىن ئۇلاق ئورنى بەلگىلى- نىپ ،چاسا شەكىللىك بىخنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىلەن ئوخشاش چوڭلۇقتا كېسىپ قوۋزىقى ئېلىۋېتىلىدۇ .بىخ ئۇلاق ئاستىدىكى قوۋزاق ئورنىغا ئۇدۇلمۇئۇدۇل قىلىپ سېلىنغاندىن كېيىن ،سۇلياۋ شوينا بىلەن چىڭ تېڭىلىدۇ .

### 4 . پەرۋىش قىلىش

ئۇزۇم تالىلىرى ئۇلىنىپ 15 — 20 كۈندىن كېيىن يېڭى نوتا چىقىرىشقا باشلايدۇ . يېڭى نوتا 20 — 25 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆسكەندە ئۇلاق ئاستىنىڭ يېنىغا ياغاچ ياكى شاخ سانجىپ نوتىنى ياماشتۇرۇپ قويۇش لازىم . ئۇلاق تۈۋىدىن چىققان ياۋا بىخلارنى ۋاقتىدا پۇتاپ ، تۈۋىنى يۇمشىتىپ ، ئوت - چۆپلەرنى ئوتاپ تۇرۇش كې- رەك . ئۇلانغان نوتىلارنى بەك كۆپ سۇغارماسلىق ، نوتد- نىڭ بىھۇدە ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، ئۇلانغان نوتىدىن 8 — 10 تال يوپۇرماق ئۆسۈپ چىققاندىن كېيىن ، ئۇچىنى ئۇزۇۋېتىش ، نوتىلارنىڭ ياغاچلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، بالدۇر ئۈششۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم . كۈز پەسلىدە ، سۇغىرىپ بولغاندىن كېيىن 11 - ئاينىڭ 20 — 25 - كۈنلىرى نەم توپا بىلەن كۆمۈپ قىشتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك .

# 5 . ئۆرۈك كۆچىتىنى ئۇلاش

ئۆرۈكنىڭ 1 — 3 يىللىق ئۆسۈۋاتقان كۆچەتلىرىدىن دىئامېتىرى 0.5 سانتىمېتىردىن يۇقىرى ، 3 سانتىمېتىر-دىن تۆۋەن بولغانلىرىنى «T» شەكىللىك ياغاچلىق بىخ ئۇلاق ، «T » شەكىللىك قوۋزاقلىق بىخ ئۇلاق ، دىئامېتى-رى 0.6 سانتىمېتىردىن تۆۋەن بولغانلىرىنى پىپى ئۇلاق (ناچا ئۇلاق )ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇلاشقا بولىدۇ . ئۇلاش ۋاقتى ۋە ئۇلاش ئۇسۇلى بادام ، چىلان ، ئالما ، نەشپۈت ، شاپتۇل قاتارلىقلارنىڭ كۆچىتىنى ئۇلاش ۋاقتى ۋە ئۇلاش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ . ئۇلاق ئۇستى قىلىنىدى-غان ئەلا سورتلارنى تاللاشتا ( I بابتىكى «ئۆرۈكنىڭ ئەلا سورتلىرىنى تاللاش» دېگەن تېمىغا قاراڭ ) يۇقىرىنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتكەن ئەلا سورتلارنى تاللاپ نوتا ئېلىش لازىم .

ئۆرۈك كۆچىتىنى باشقا مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلىرىگە ئوخشاش 3- ئاينىڭ 25- كۈنلىرىدىن 5- ئاينىڭ ئاخىرىغى-چە توڭلىتىلغان ئۇرۇق بىلەن ياغاچلىق بىخ ئۇلاق ، 5- ئاينىڭ 25- كۈنلىرىدىن 7- ئاينىڭ 15- كۈنلىرىگىچە قوۋزاقلىق بىخ ئۇلاق ، 6- ئايدا پىپى ئۇلاق ، 8- ئاينىڭ 20- كۈنىدىن 9- ئاينىڭ 20- كۈنلىرىگىچە كۈزلۈك قوۋ-زاقلىق بىخ ئۇلاق قىلىپ ئۇلاشقا بولىدۇ . بىر يىللىق كۆچەتلەرنى كۈزدە بىخ ئۇلاق قىلىپ ئۇلىغاندا ئۇنىڭ ئەتى-

ياز پەسلىدىكى كۆكلەش ئۇنۇمى يۇقىرى بولىدۇ . ئەتىياز ۋە يازدا ئۇلانغان كۆچەتلەر ياخشى پەرۋىش قىلىپ باشقۇرۇلسا ، كېلەر يىلى ئۇنى كۆچەتخانىدىن چىقىرىپ ئورمان بىنا قىلىشقا ئىشلەتكىلى بولىدۇ .

## 6 . نەشپۈت كۆچىتىنى ئۇلاش

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەلگۈسى بەش يىل ئىچىدە بىنا قىلىنىدىغان نەشپۈت بازىسى قۇرۇلۇشى كۆپلىگەن ئەلا سورتلۇق نەشپۈت كۆچەتلىرىگە موھتاج بولۇپ ، ئەگەر يېتەرلىك كۆچەت بولمىسا بۇ پىلاننى ئورۇنداش قىيىنغا توختايدۇ . شۇڭا ، ھازىر ئەلا سورتلۇق نەشپۈت كۆچەتلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش كەلگۈسى ئىستىقبالغا ئىگە . نەشپۈت - ئامۇتنىڭ ئەلا سورتلۇق كۆچەتلىرى ياۋا ئامۇت (دولىي )نىڭ ئۇرۇقىدىن تېرىپ يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەتلەرنى ئۇلاق ئاستى قىلىپ ئۇلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلىدۇ . شۇڭا ، ئەلا سورتلۇق نەشپۈت - ئامۇت كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك .

### 1 . نەشپۈتنىڭ ئەلا سورتلىرىنى تاللاش

ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆستۈرۈلۈۋاتقان يەرلىك نەشپۈت - ئامۇت سورتلىرى 50 خىلدىن ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلتۈرۈپ يەرلەشتۈرۈلگەن نەشپۈت - ئامۇت سورتلىرى 50 خىلدىن ئاشىدۇ . لېكىن ،

بۇ سورتلارنىڭ ھەرقايسى جايلارغا تارقىلىشى ئوخشاش ئە-
مەس ، تەبىئىي شارائىتقا ماسلىشىشچانلىقى ، مېۋىلەش خۇ-
سۇسىيىتى ، سورت - سۈپەت جەھەتتىكى ئۆزئارا پەرقىمۇ
ناھايىتى چوڭ . شۇڭا ، نەشپۈت - ئامۇت سورتلىرىنى ئۇ-
لاپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشتە ، ئۇلاق ئۈستى قىلىنىدىغان ئەلا
سورتلارنى ياخشى تاللاپ ، سۈپەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قو-
يۇش كېرەك .

ئەلا سورتلۇق نەشپۈت - ئامۇت كۆچىتى يېتىشتۈرۈش-
تە ، تۆۋەندىكى سورتلارنى ئۇلاق ئۈستى قىلىپ تاللاش
لازىم .

1 ) كورلا نەشپۈتى . بۇ سورت كورلىغا مەركەزلىك
تارقالغان بولۇپ ، مېۋىسىنىڭ ئېغىرلىقى 80 —
170 گرام كېلىدۇ . مېۋىسىنىڭ رەڭگى كۆركەم ، ئېتى
ئاق ، پوستى نېپىز ، سۇلۇق ، چۈرۈك ، تەمى تاتلىق ھەم
پۇراقلىق بولۇپ ، ساقلاشقا ، يۆتكەشكە قۇلايلىق . ئۇ سۈپى-
تى ياخشى ، خېرىدارى كۆپ ، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى
بولغان ئەڭ ئەلا سورت ھېسابلىنىدۇ .

2 ) چىپان نەشپۈتى . بۇ سورت قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ
چىپان يېزىسىدا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلى-
رىدا ئۆستۈرۈلىدۇ . چىپان نەشپۈتى كېڭەيتىشكە بولىدى-
غان ئاساسلىق سورتلارنىڭ بىرى بولۇپ ، تەبىئىي شارائىت-
قا ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك ، مېۋە شەكلى يۇمىلاق ياكى
ئېللىپسىمان ، چوڭلۇقى ئوتتۇرھال ، رەڭگى سارغۇچ
يېشىل ، ساپىقى ئىنچىكە ، ئېتى ئاق ۋە يۇمشاق ، سۇلۇق ،
تەمى تاتلىق . ئىچىدە ئۇرۇقى بولمايدۇ ، 9- ئايلاردا پىشىدۇ .

3 ) سۈيدۈك قىشلىق سېرىق ئامۇتى . بۇ خىل ئامۇت غۇلجا ، سۈيدۈڭلەردە ئاساسلىق ئۆستۈرۈلىدىغان ئەلا سورتلارنىڭ بىرى بولۇپ ، ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 130 گرام كېلىدۇ . مېۋىسىنىڭ شەكلى يۇمىلاقراق ، رەڭگى سېرىق بولۇپ ، سەل پارقىرايدۇ . ئېتى ئاقۇچراق بولۇپ يۇمشاق ، سۆلۈق ، چۈرۈك ھەم تاتلىق . مېۋىسى سوغۇققا چىدامىلىق بولۇپ ، 2 ـ يىلى 5 ـ ئايلارغىچە ئۆز پېتى ساقلىنىلى بولىدۇ . مېۋىسى 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ .

4 ) يالى نەشپۈتى . بۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلتۈ- رۈلگەن سورت بولۇپ ، مېۋىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 150 — 200 گرام كېلىدۇ . شەكلى تۇخۇمسىمان ، رەڭگى يېشىلغا مايىل سېرىق ، كۆن چۈشكەن تەرىپى سۇس قىز- ىل ، پوستى سىلىق ، رەڭگى كۆركەم ، ئېتى ئاق ، يۇم- شاق ، سۆلۈق بولۇپ ، تەمى تاتلىق ، پۇرىقى خۇشبۇي ، ئۇزاق ساقلاشقا چىدامىلىق ، يۆتكەشكە قۇلايلىق .

5 ) داڭسەن نەشپۈتى . بۇ سورتنىڭ ئەسلىي ماكانى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ داڭسەن ناھىيىسى بولۇپ ، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ كۆلەمدە ئۆستۈرۈلۈۋاتىدۇ . داڭسەن نەشپۈتى كۆلەم جەھەتتىن كورلا نەشپۈتىدىن قالسىلا ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ . داڭسەن نەشپۈتىنىڭ رەڭگى سېرىق ، سۇزۇك ، پۇراقلىق ، پوستى سىلىق ۋە نېپىز ، داغلىرى كىچىك ، ئېتى ئاق ، چۈرۈك ، سۆلۈق ، تەمى تاتلىق بولۇپ ، ئۇزاق ساقلاشقا ۋە قاچىلاپ يۆتكەشكە چىدامىلىق ، بۇ سورت ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كېڭەيتىلىدىغان ئەلا سورتلارنىڭ بىرى . جايلار نەش-

پۆت - ئامۇت كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە، يۇقىرىقى سورتلارنى ئاساس قىلغاندىن باشقا، ئۆز رايونىدا ئۆستۈ-رۈپ كېلىۋاتقان سورتلار ئىچىدىن بىرقەدەر ئەلا، بازىرى ئىتتىك، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى، كەلگۈسىدە رىقا-بەت ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ قالالايدىغان ياخشى سورتلارنى تاللاپ، شۇ خىل كۆچەتلەرنى كۆپرەك يېتىشتۈرۈشى لازىم.

## 2. نوتا يىغىش

ئۇلاق ئۈستى قىلىنىدىغان نوتىلارنى ئالدىن تاللاپ بېكىتىلگەن ئەلا سورتلۇق ئانا تۈپلەردىن يىغىۋېلىش لازىم. ئەتىياز پەسلىدە، 1 — 3 يىللىق ياۋا ئامۇت كۆچەت-لىرىگە «T» شەكىللىك ياغاچلىق بىخ ئۇلاق، چوڭ نەش-پۈت دەرەخلىرىگە يارما ئۇلاق (شاخ ئۇلاق) قىلىشقا ئىش-لىتىدىغان نوتىلارنى ئادەتتە 2- ئاينىڭ 15- كۈنلىرىدىن 3- ئاينىڭ 10- كۈنلىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا كېسىپ يىغىۋالسىمۇ ياكى نەشپۈت دەرەخلىرىنى قىشلىق چاتاشقا بىرلەشتۈرۈپ يىغىۋالسىمۇ بولىدۇ. يىغىۋال-غان نوتىلارنى 25 — 50 تالدىن باغلاپ مۇزخانىغا سې-لىپ ساقلاش لازىم. ئەگەر، يېقىن ئەتراپتا مۇزخانا بولمى-سا، كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان سايە يەردىن ئورا كولاپ، نوتىنى ئورىغا سېلىپ نەم قۇم تۆككەندىن كېيىن، شۇ يەردىلا توڭلىتىپ ساقلىسىمۇ بولىدۇ. ئۇلاق ئۈستى قىلى-نىدىغان نوتىلارنى ئەلا سورتلۇق ئانا تۈپلەردىن مېۋىگە كىرگىنىگە 5 — 15 يىل بولغان، كېسەللىك، زىيانداش

هاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمىغان، باراقسان، ساغلام ئۆسكەن تۇپلەرنىڭ كۆن نۇرى چۈشىدىغان تەرىپىدىكى دەرەخ تاجىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن (سىرتىدىن) يىغىۋېلىش كېرەك. مۇشۇ ئورۇندىن نوتا ئېلىپ ئۆلىغان كۆچەتلەر تولۇق كۆكلەپ، بالدۇر مېۋىگە كىرىدۇ.

## 3. ئۇلاق ئاستىنى تەييارلاش

نەشپۈت - ئامۇت كۆچەتلىرىنى ئۇلاپ يېتىشتۈرۈشتە ياۋا ئامۇتنىڭ 1 — 3 يىللىق كۆچەتلىرى ئۇلاق ئاستى قىلىنىدۇ. ئۇلاقچىلىق باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن ئۇلاق ئاستى قىلىنىدىغان ياۋا ئامۇت كۆچەتلىرىنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىپ، ئوت - چۆپلەرنى پاكىز ئوتاپ بولغاندىن كېيىن، قاندۇرۇپ سۇغىرىش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن، 1 — 2 ئېتىزدىكى كۆچەتلەرنى ئۇدۇللۇق هالدا يەر يۈزىدىن 15 — 20 سانتىمېتىر قالدۇرۇپ، ئۇستىنكى غول - شاخلىرىنى تەكشى كېسىپ تاشلاپ، كېسىلگەن شاخ - پۇتاقلارنى ۋاقتىدا يۆتكىۋېتىپ ئۇلاق ئۇلاشنى باشلاش كېرەك.

## 4. نەشپۈت كۆچىتىنى ئۇلاش

ئەلا سورتلۇق نەشپۈت، ئامۇتنىڭ بىخلىرىنى ياۋا ئامۇت كۆچەتلىرىگە ئۇلاش ئەتىياز، ياز، كۈز پەسىللىرىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇلاشتا، «T» شەكىللىك ياغاچلىق بىخ ئۇلاق، «T» شەكىللىك قوۋزاقلىق بىخ ئۇلاق، كېيدۇرمە ئۇلاق (پىپى ئۇلاق، ناچا ئۇلاق) ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

1 . «T » شەكىللىك ياغاچلىق بىخ ئۇلاق

بۇ ئۇسۇل ئۇلاق تۇپىنىڭ دىئامېتىرى 0.8 — 3 سانتىمېتىر بولغان (ياڭاق ئامۇت ، بادام ، ئۆرۈك ، چىلان ، ياڭاق ، ئالما ، شاپتۇل قاتارلىق ) كۆچەتلەرگە قوللىنىلىدۇ . ئۇلاش مەزگىلى 3- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 4- ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە ، ھەتتا 5- ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولسىمۇ بولىدۇ . ئۇلاق ئۇستىگە توڭلىتىلغان (ئويۇقۇدىن ئويغانمىغان ) ئەلا سورتلۇق نەشپۈت نوتىسىنىڭ بىخى ئىشلىتىلىدۇ . ئۇلاش ئۇسۇلى : نوتىنىڭ ساغلام بىر تال بىخى پىچاق بىلەن 1.5 — 2 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ، 0.5 — 0.6 سانتىمېتىر كەڭلىكتە ياغاچ قىسمى بىلەن قوشۇپ نېپىز شىلىپ چىقىرىۋېلىنىدۇ . ئۇلاق ئاستىنىڭ 15 — 18 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتىكى تۈز ، سىلىق ئۆسكەن جايىدىن پىچاق بىلەن «T » شەكلىدە قوۋزىقى يېرىلىدۇ . ئېلىنغان ياغاچلىق بىخ ئۇستىدىن ئاستىغا قارىتىپ «T » شەكىللىك ئورۇنغا سېلىنغاندىن كېيىن ، قول بىلەن مەھكەم بېسىپ تۇرۇپ ، ئۇستىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ سۇلياۋ شوينا بىلەن چىڭ تېڭىپ قويۇلىدۇ .

2 . «T » شەكىللىك قوۋزاقلىق بىخ ئۇلاق

بۇ ئۇسۇل 5- ئاينىڭ 25- كۈنلىرىدىن 7- ئاينىڭ 15- كۈنلىرىگىچە يازلىق ئۇلاقتا ، 8- ئاينىڭ 25- كۈنلىرىدىن 9- ئاينىڭ 15- كۈنلىرىگىچە كۈزلۈك ئۇلاقتا قوللىنىلىدۇ . بۇ ئۇسۇلدا ئۇلىنىدىغان سورتلۇق نەشپۈت دەرىخىنىڭ شۇ يىلى يېڭىدىن ئۆسكەن يېرىم ياغاچلانغان نوتىلىرىدىن تاللاپ ئۇدۇللۇق يىغىۋېلىپ ، ئۇدۇللۇق ئۇلىنىدۇ .

ئەگەر نوتىلار باشقا جايلاردىن كۆپرەك يۆتكەپ كېلىنگەن بولسا، سايە يەردە (گەمىدە) نەم قوْمغا كۆمۈپ، ئۈستىدىن تۇمانلىتىپ سۇ پۈركۈپ يېشىل پېتى ياخشى ساقلاش لازىم. ساقلاش ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق بولغاندا بەش كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىك كېرەك. ئۇلاش ئۇسۇلى: بۇ ئۇسۇل «T» شەكىللىك ياغاچلىق بىخ ئۇلاق ئۇلاش ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بىخنى ياغاچ قىسمىدىن ئاجرىتىشتا، خاس قوۋزىقى مېغىزى (ئۇندۇرمىسى) بىلەن بىللە ئاجرىتىۋېلىنىدۇ (ياغاچ قىسمى ئېلىنمايدۇ). شۇڭا، بۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇلانغان كۆچەتلەر، باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇلانغان كۆچەتلەرگە قارىغاندا 7 — 8 كۈن بۇرۇن كۆكلەيدۇ ھەم كۆكلەش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ.

3. كىيدۈرمە ئۇلاق (پىيپى ئۇلاق، ناچا ئۇلاق)

بۇ خىل ئۇلاق ئۇلاق ئاستىنىڭ دىئامېتىرى بەك كىچىك بولۇپ، قوۋزاق (كۆز) ئۇلاق ئۇلاشقا مۇمكىن بولمىغان شارائىتتا ئاندىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىر ياپ ئۆسۈۋاتقان كۆچەتلەرنى ئۇلىغاندا قىسمەن كۆچەتلەر بەك كىچىك بولغاچقا، قوۋزاق ئۇلاق (بىخ ئۇلاق) قىلىشقا بولمايدۇ. بۇنداق كۆچەتلەرنى كىيدۈرمە ئۇلاق (پىيپى ئۇلاق) ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇلىسا بولىدۇ. ئەمما، بۇ ئۇسۇلدا ئۇلاش ئۈچۈن، ئۇلاق ئاستى بىلەن ئۇلاق ئۈستىنىڭ دىئامېتىرى ئوخشاش چوڭلۇقتا بولۇشى، ئۇلىنىدىغان كۆچەتنىڭ دىئامېتىرى 0.8 سانتىمېتىردىن تۆۋەن بولۇشى كېرەك. ئۇلاش ئۇسۇلى: ئالدى بىلەن نوتا بىر تال بىخ

بىلەن قوشۇپ، 1 — 1.5 سانتىمېتىر ئۆزۈنلۇقتا، ئاستى - ئۈستى تۈز سىزىق بويىچە ئايلاندۇرۇپ ياغاچ قىسمىغىچە كېسىلىدۇ. ئۈچى تەرىپىدىكى ياغىچى قوۋزاق كېسىلگەن جايدىن كېسىپ تاشلىنىپ، بىخ قول بىلەن تولغىنىپ قوۋزىقى ياغاچتىن چىقىرىۋېلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن، ئۆلاق ئاستى تۆپىنىڭ ئوخشاش چوڭلۇقتىكى يېرىدىن كېسىپ تاشلىنىپ، قوۋزاقلىق بىخنىڭ دىئامېتىرى بىلەن ئوخشاش ئورۇننىڭ قوۋزىقى چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. قوۋزاقلىق بىخنىڭ چىڭ كەلگۈدەك يېرىگىچە قوۋزىقى تەتۈر سويۇپ قويۇلىسىمۇ بولىدۇ. شۇ ئورۇنغا ناچا شەكىللىك قوۋزاقلىق بىخنى چىڭ كىيدۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۆلاق ئۈستى تېڭىلمىسىمۇ كۆكلەۋېرىدۇ.

### 5. پەرۋىش قىلىش

ئۆلاق بىخلىرى كۆكلەپ چىقىپ 3 — 5 سانتىمېتىر ئۆسكەندە تېڭىقنى يېشىۋېتىش لازىم. ئۆلىغان تۆپلەرنىڭ بىخ ئورنى قارىداپ سېسىپ كەتكەن بولسا، ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ قايتىدىن ئۆلاش كېرەك. ئۆلاق ئۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن (10 — 15 كۈندىن كېيىن)، سۇزۇك سۇ باشلاپ بىر قېتىم نېپىز سۇغىرىش (بىخ ئورنى سۇغا چىلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىش)، ئۆلاق ئاستىدىكى غولدىن كۆكلەپ چىققان ياۋا بىخلارنى داۋاملىق يۇتاپ تۇرۇش كېرەك. يېڭى بىخلار كۆكلەپ 20 — 25 سانتىمېتىر بولغاندا مۇۋاپىق قوشۇمچە ئوغۇتلاش، ۋاقتىدا سۇغىرىش، ۋاقتىدا تۇۋىنى يۇمشىتىپ، ئوتلىرىنى ئوتاپ پەرۋىش قىلىشنى

كۆچەيتىش لازىم . ئەگەر ئۆلانغان كۆچەتلەر ياخشى پەرۋىش قىلىنسا ، كۆچەتلەرنىڭ ئېگىزلىكىنى شۇ يىلى كۈزگىچە 1.5 مېتىردىن ئاشۇرغىلى بولىدۇ .

## 7 . شاپتۇل كۆچىتىنى ئۆلاش

بىر قىسىم ئەلا سورتلۇق شاپتۇللارنىڭ ئۇرۇقىدىن تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن كۆچەتلىرى مېۋىگە كىرگەندىن كېيىن ، ئەسلىدىكى ئانا تۇپلەرنىڭ ئىرسىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالالايدۇ . يەنە بىر قىسىم سورتلۇق كۆچەتلەر مېۋىگە كىرگەندىن كېيىن (بولۇپمۇ يېشى چوڭايغانسېرى ) ، سورتى تەدرىجىي چېكىنىپ ، سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ . بۇ ئېچكى ۋە تاشقى ئامىللارنىڭ تەسىرىگە باغلىق . ئۇنداق بولسا قانداق ئۇسۇل قوللانغاندا سورت چېكىنىپ كېتىشىنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ ؟ بۇنىڭدىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ئۆلاش ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ، يەنى ئۇرۇقتىن تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن ھەر خىل شاپتۇل كۆچەتلىرىنى ئەلا سورتلارغا ئۆلاش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ . ئەگەر بىر خىل ئەلا سورتلۇق شاپتۇلنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ ، ئۇنىڭ كۆچىتىگە يەنە بىر قېتىم شۇ خىل ئەلا سورتلۇق شاپتۇلنىڭ بىخى ئۆلاق ئۈستى قىلىپ ئۆلانسا ، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ مېۋىسى تېخىمۇ چوڭ ، سورتى تېخىمۇ سۈپەتلىك ، تەمى تېخىمۇ تاتلىق بولغاندىن باشقا ، ئۇزاق يىللارغىچە

ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئىرسىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ. ئەگەر بۇ ئۇسۇل ئەمەلىي قوللىنىلسا، شاپتۇل دەرەخلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى تېخىمۇ ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

هازىر كۆپىنچە سورتى ھەر خىل، ئارىلاش شاپتۇل ئۇرۇقلىرىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈلۈۋاتىدۇ. بۇ خىل كۆچەتلەرنى شۇ يىلى كۆز ياكى كېلەر يىلى يازدا ئەلا سورتلارغا ئۇلاپ، سۈپىتىنى ياخشىلىغاندىن كېيىن، باغ بىنا قىلىشقا ئىشلىتىش كېرەك.

## 1. نوتا تاللاش

ئۇلاق ئۇستى قىلىنىدىغان نوتىلارنى ئېلىشتا، ئالدى بىلەن نوتا ئېلىنىدىغان ئەلا سورتلۇق شاپتۇل (توغاچ) دەرىخىنىڭ ئانا تۈپلىرىنى ياخشى تاللاش زۆرۈر. تاللىنىدىغان ئەلا سورتلار (I بابقا قاراڭ) مول ھوسۇللۇق، ياش، ساغلام، باراقسان ئۆسكەن تۈپلەردىن بولۇشى كېرەك. نوتىنى دەرەخ تاجىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى كۈنچىقىش تەرىپىدىن، ساغلام، تولۇق پىشقان، بىخى كۆپ مېۋە شاخلىرىدىن كېسىۋېلىش كېرەك. نوتىنى ئەتىگەن ياكى كەچ تەرەپلەردە ئۇدۇللۇق ئېلىپ، ئۇدۇللۇق ئۇلاش، يىراقتىن كەلتۈرۈلگەن نوتىلارنى ئۇدۇللۇق ئۇلاپ بولالمىسا، گەمىدە ياكى كۆن نۇرى چۈشمەيدىغان سالقىن جايدا نەمقۇمغا كۆمۈپ ساقلاپ، ئۇدۇللۇق ئېچىپ ئۇلاش لازىم.

## 2. ئۇلاش مەزگىلى ۋە ئۇلاش ئۇسۇلى

شاپتۇل كۆچەتلىرى باشقا مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلىرى-

گە ئوخشاشلا ، ئەتىيازدا «T» شەكىللىك ياغاچلىق بىخ ئۇلاق ، يازدا ۋە كۈزدە «T» شەكىللىك قوۋزاقلىق بىخ ئۇلاق ، يازدا پىپى (ناچا) ئۇلاق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇلىنىدۇ . ئۇلاش ئۇسۇلى نەشپۈت كۆچىتىنى ئۇلاش ئۇ-سۇلىغا ئوخشايدۇ . شاپتۇل كۆچىتىنى ياز پەسلىدە ئۇلى-غاندا ، ئەتىگەن ۋە كەچقۇرۇندا ئۇلاش كېرەك . ھاۋا بەك ئىسسىق ياكى يامغۇر ياغقان چاغلاردا ئۇلىغان ئۇلاقنىڭ كۆكلەش نىسبىتى تۆۋەن بولىدۇ .

## 3 . پەرۋىش قىلىش

كۆچەتلەر ئۇلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ كۆك-لەش ئەھۋالىنى پات - پات تەكشۈرۈپ تۇرۇش لازىم . ياغاچلىق بىخ ئۇلاقنىڭ تۇتقان - تۇتمىغانلىقىنى 20 كۈن-دە ، قوۋزاقلىق بىخ ئۇلاق ۋە پىپى ئۇلاقنىڭ تۇتقان - تۇتمىغانلىقىنى 10 — 15 كۈندە بىلگىلى بولىدۇ . مۇشۇ مەزگىلگىچە كۆكلىمەيدىغان ئۇلاقلارنى بىخ ئورنىغا قاراپلا بىلگىلى بولىدۇ . كۆكلىمەيدىغانلىرى قورۇلۇپ قارىداپ قالىدۇ . يوپۇرماق ساپىقى قولنى تەگكۈزسىمۇ چۈشمەيدۇ . بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە بىخ تۇتمىغان ھېسابلىنىدۇ . شۇ-ڭا ، دەرھال قايتىدىن ئۇلاش كېرەك . ئۇلانغان كۆچەتلەر-نىڭ ئۇلاق ئاستىدىن ئۆسۈپ چىققان بىخ ۋە ياۋا شاخلارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا پۇتاپ تۇرۇش كېرەك . كۆكلەپ چىققان بىخلار 5 — 6 سانتىمېتىر ئۆسكەندىن كېيىن ، تاڭغان تېڭىقنى ئاۋايلاپ يېشىۋېتىش لازىم . ئۇلانغان كۆچەتلەرنى ئوغۇتلاش ، سۇغىرىش ، ئوتاش ، تۇپىسىنى يۇمشىتىش ،

ئۆشىشۈكتىن ساقلاش قاتارلىق پەرۋىش ئىشلىرىنى تەلەپ بويىچە ياخشى ئىشلەش لازىم . 6- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ھەر مو يەرگە 1000 كىلوگرام ئورگانىك ئوغۇت ، 10 — 15 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت بېرىپ ياخشى پەرۋىش قىلسا ، يىل ئاخىرىغىچە كۆچەتنىڭ ئېگىزلىكىنى 1 مېتىردىن ئا- شۇرغىلى بولىدۇ .

## Ⅳ باب مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلىرىنى باشقا ئۇسۇللار بىلەن يېتىشتۈرۈش

مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەلا سورتلۇق كۆچەتلىرى ئەلا سورتلۇق مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىش ، نوتىسىنى قەلەمچە قىلىش ، بىخنى ئۇلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەندىن باشقا ، نوتا باسۇرۇش ، تۈپ ئايرىش ، توقۇلمىدىن كۆپەيتىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىقمۇ يېتىشتۈرۈلىدۇ .

### 1 . نوتا باسۇرۇش ئارقىلىق كۆچەت يېتىشتۈرۈش

نوتا باسۇرۇش ئارقىلىق كۆچەت يېتىشتۈرۈش مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ يىلتىز ئەتراپى ياكى چاچما يىلتىزلىرىدىن كۆكلەپ چىققان ، شۇنداقلا قەلەمچە قىلىپ يېتىشتۈرۈلگەن بىر يىللىق يۇمران نوتىلارنى شۇ جايدىلا باسۇرۇپ كۆمۈش ئارقىلىق يىل ئاخىرىدىغىچە بىر تۈپ كۆچەتتىن 3 — 4 تال ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك مۇستەقىل كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولسىمۇ ، لېكىن ئېھتىياجلىق كۆچەت-

لەرنى تولۇق ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ ھەم ئادەتتە كۆپ قوللىنىلمايدۇ . بۇ ئۇسۇل بىلەن ئانار ، ئۈزۈم ، ئەنجۈر ، بېھى ، قارىئۆرۈك قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ بىر قىسىم كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ .

## 2 . تۈپ ئايرىش ئارقىلىق كۆچەت يېتىشتۈرۈش

بۇ ، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ يىلتىز بوغۇمى ، يىلتىز ئەتراپى ، چاچما يىلتىزى ياكى كولاپ كېسىۋېتىلگەن يىلتىزلىرىدىن كۆكلەپ چىقىپ ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تۈپ بولۇپ يېتىشىپ چىققان كۆچەتلەرنى كۆرسىتىدۇ . ئانار ، چىلان ، تال ، قارىئۆرۈك ، بېھى ،ئەنجۈر قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ يىلتىز بوغۇمى ، يىلتىز ئەتراپى ۋە كېسىۋېتىلگەن يىلتىزىدىن تۈپلىنىش ئىقتىدارى كۈچلۈك ، ئۆسۈپ يېتىلىشى تېز بولۇپ ، بۇ خىل كۆچەتلەرنى كۈز ياكى ئەتىياز پەسلىدە يىلتىزى بىلەن تۈپ ئايرىپ ، باشقا جايغا يۆتكەپ تىكسە ئۇنىڭ كۆكلەش ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ . جايلار ئېھتىياجلىق بولغان چوڭ ئانار كۆچەتلىرى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىنىدۇ ، بولۇپمۇ ئانار ، قارىئۆرۈك قاتارلىقلارنىڭ يىلتىز بوغۇمىنىڭ ئەتراپىدىن تۈپلىنىش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ ، بىر تۈپتىن 5 — 10 تال شاخنى 1 — 2 تال يىلتىزى بىلەنلا يېرىپ تۈپ ئايرىۋالغىلى بولىدۇ . لېكىن ، بۇ ئۇسۇل يېتىشمىگەن كۆچەت سانى-

نى ۋاقىتلىق تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ . ئەمما ، كۆچەت مەنبەسىنى كېڭەيتىشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى بولالمايدۇ .

## 3 . توقۇلمىدىن كۆچەت يېتىشتۈرۈش

توقۇلمىدىن كۆچەت يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى ئادەتتە بىئوتېخنىكىسى (بىئولوگىيە قۇرۇلۇش تېخنىكىسى) دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ تەتقىقات تۈرىنى 1988- يىلى شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىكى لى كاڭ قاتارلىقلار ئۈستىگە ئېلىپ ئاقسۇدا تەتقىقاتقا كىرىشكەن . ئۇلار سەككىز يىل تەجرىبە - تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ، بادام ، ئەنجۈر ، پىستە ، چىلان ، ئۈجمە ، ئۈزۈم قاتارلىق ئىقتىسادىي دەرەخلەرنىڭ توقۇلمىسى ئارقىلىق پروبىركىدا كۆچەت يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان . تەتقىق قىلغان بادام تۈرى 12 خىلغا ، پروبىركىدا يىلتىز چىقىرىش نىسبىتى 100% كە يەتكەن . بۇنىڭ بىلەن بىئوتېخنىكىسى ئارقىلىق ئىقتىسادىي دەرەخلەرنىڭ توقۇلمىسىدىن ئىرسىيەتچانلىقى مۇقىم ، كۆپىيىش ھەسسىسى كۆپ ، يىلتىز چىقىرىش نىسبىتى يۇقىرى ، ئەلا سورتلۇق ، سۈپەتلىك كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە ئاساس سېلىندى . ئىقتىسادىي دەرەخلەرنىڭ توقۇلمىسىدىن زاۋۇتلاشتۇرۇپ تېز كۆچەت يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى ھازىر شىنجاڭ بويىچە توقۇلمىدىن كۆچەت يېتىشتۈرىدىغان ئەڭ چوڭ بازا بولۇپ قالدى . لېكىن ، بۇ

ئۆسۇلدا كۆچەت يېتىشتۈرۈش يۇقىرى پەن - تېخنىكا، ياخشى شارائىت ۋە يېتەرلىك مەبلەغ تەلەپ قىلىدىغان بول-غانلىقتىن، ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەردە بۇ ئۆسۇلنى قوللانماق ناھايىتى قىيىن. ئەمما، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كۆچەت يېتىشتۈرۈش مەيدانلىرىدا ئۇنىڭدىن ئاددىيراق تېخنىكىلارنى قوللىنىپ، ئادەتتىكى توقۇلمىلاردىن كۆچەت يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ. زامانىۋى ئۆسۇلدا توقۇلمىدىن كۆچەتيېتىشتۈرۈشتە دەرەخنىڭ يو-پۇرماق ۋە يوپۇرماق تومۇرى بىلەن يۇقىرى ئۈنۈملۈك خىمىيىلىك دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما، ئادەتتىكى ئۆ-سۇلدا توقۇلمىدىن كۆچەت يېتىشتۈرۈشتە ئەلا سورت--لۇق ئانا تۆپىلەرنىڭ يۇمران شاخ - نوتىلىرى ئىشلىتىلى-دۇ، بۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرى مۇنداق: دەرەخلەر ئۆ-سۇۋاتقان مەزگىلدە، ئەلا سورتلۇق چىلان، ئانار، بادام، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئانا تۆپىلىرىنىڭ يۇمران شاخ - نوتىلىرى يىغىۋېلىنىپ، دېزىنفېكسىيە قى-لىش ئارقىلىق مىكروبسىزلاندۇرۇلىدۇ، ئاندىن 1 سانتى-مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر تال بىخ بىلەن كېسىۋېلىنىپ، ئالدىن تەييارلانغان گورمون سۇيۇقلۇقىغا سانجىپ تېرىل-سا، 15 — 20 كۈن ئەتراپىدا ئاق رەڭلىك توقۇلمىلار شەكىللىنىپ يىلتىز چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەخ-سۇس تەييارلىغان دورىلار بىلەن ئەينەك شېشىدە تېز سۇر-ئەت بىلەن كۆچەت يېتىشتۈرۈلىدۇ. شېشىدىكى كۆچەت 5 سانتىمېتىردىن ئاشقاندا يەنە 1 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا، تاق بىخلىق توغرىلىپ، شېشىلەرگە كۆچۈرۈپ داۋاملىق

يېتىشتۈرۈلىدۇ، 15 كۈندىن كېيىن، توقۇلمىلار يىلتىز چىقىرىدۇ ۋە بىخلىنىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا بىر دانە بىخ- تىن بىر يىلدا 20 — 30 مىڭ تۈپ كۆچەت يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ. شېشىدىكى كۆچەتلەر بىر تەرەپتىن ئېتىزلىققا كۆچۈرۈلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەتلەر ئېتىزلىققا كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، شۇ يىلى 25 — 30 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. ياندۇرقى يىلى يەنە بىر يىل تەربىيىلىگەندىن كېيىن، ئۆلچەمگە يەتكەندە ئورمان بىنا قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

本书主要介绍果树栽培新技术以及在解决品种、质量、成熟期管理方面的一些知识。

مەسئۇل مۇھەررىرى : **دىلبەر ئابدۇرېھىم**
مەسئۇل كوررېكتورى : **ئارزۇگۇل سىدىق**

# مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەلا سورتلىرىنى تېز يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى

تۈزگۈچى : **مۇھەممەتئىمىن توختى**

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000 )
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092×787 1/32 باسما تاۋىقى :25 .4
2003 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىل 4 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىراژى : 5650 —— 2571

ISBN7 — 5373 — 1207 — 9
باھاسى : 6.50 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون : 2653927 — 0998

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غەيرەت خالىق



ISBN 7-5373-1207-9
9 787537 312073 >

ISBN 7−5373−1207−9
（民文）定价：6.50 元